
يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق



بەخت - سائادەت ئەلچىسى

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

بەخت - سائادەت ئەلچىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1

رەسىمنى ئىشلىگۈچى : ئابدۇكېرىم نەسرىدىن

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : مۇرادىل ئابد

## تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر 1


1. ئىسلامىيەت پەيغەمبىرى — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

2. نىرۋانا يولى —— ساكيامۇنى

3. جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ روھى — كۇڭزى

4. شەرقنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى — فارابى

5. بەخت - سائادەت ئەلچىسى — يۈسۈپ خاس ھاجىپ



ISBN7 - 228 - 08013 - 0

套价:30.00元

ISBN 7-228-08013-0

9 787228 080137 >

5

پارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق

بەخت-سائادەت ئەلچىسى

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

1

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ............................ 1
مۇڭگۈز . . . مۇڭگۈز ............................ 4
پەرزەنت ئەلنىڭ تەختى، زېمىننىڭ بەختى ............ 8
سەبىي سوئاللار ............................ 11
مەرىپەت بېغىدىكى پەرۋانە ............................ 19
يۈسۈپ بالاساغۇنى ............................ 26
مەرىپەت بەيگىسىدىكى رىقابەت ............................ 30
خانزادىنىڭ قەلبى ............................ 34
تارىخ مۇنازىرىسى ............................ 43
بۇغراخاننىڭ ھىممىتى ............................ 50
قاراخانىيلاردا ئاپەت ............................ 59
تاغ غارىغا چۈشكەن نۇر ............................ 66
ئۇلۇغ پىلان ............................ 85
بۇغراخان چاقىرىدۇ ............................ 103
بۇغراخان ھۇزۇرىدا ............................ 111





**图书在版编目(CIP)数据**

玉苏甫·哈斯·阿吉甫/亚尔麦麦提著；—乌鲁木齐：
新疆人民出版社，2003.5
（历史人物故事丛书．第 1 辑）
ISBN 7—228—08031—0

Ⅰ．玉… Ⅱ．亚… Ⅲ．故事—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．I247.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 035664 号

责任编辑：买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对：艾加尔古丽·吐尔逊
封面设计：穆拉丁·阿比迪


历史人物故事丛书 第 1 辑
(5)
福音使者—**玉苏甫·哈斯·阿吉甫**（维吾尔文）

亚尔麦麦提·塔依尔 著


新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号·邮编：830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐隆益达印刷厂印刷
787×1092 毫米 32 开本 7.125 印张
2003 年 [illegible] 版 [illegible] 年 [illegible] 印刷
印数：1—5000 册

ISBN7—228—08031—0　套价(1—5)：30.00 元
（单价：6.00 元）


www.uyghurweb.net

نورۇز سوۋغىسى ........................ 119
بۇغراخاننىڭ ھىممىتى ........................ 130
مۇھىم ۋەزىپە ........................ 141
رەقىبلەر تىپىرلىماقتا ........................ 153
«قۇتادغۇبىلىك» ئەل ئارىسىدا ........................ 163
ھېكمەت ئۇستازى ........................ 177
تۆھمەتنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلار ........................ 187
ئوردا كېڭىشى ........................ 201
خاتىمە ........................ 212



# مۇقەددىمە

ئەڭ بەختلىك ۋە ئامەتلىك مىللەت ئۆزىنىڭ تارىخي مۇساپىسىنىڭ ھەربىر باسقۇچىدا ئەڭ گىگانت پەرزەنتلىرىگە ئىگە بولالايدۇ ھەم ئۇ ئۇلۇغ شەخسنىڭ قەدەم ئىزىدىنى ئۆزلىرىگە تۇتنيا قىلىپ بەخت ئىقبالى ئۈچۈن يول ئاچالايدۇ. ئەڭ بەختسىز مىللەت ئۆزىنىڭ ئارىسىدىن چىققان بۈيۈك ئىقتىدار ئىگىلىرىنى ھەر خىل تۆھمەت زىندانلىرىغا تاشلاپ، ھەسەت ئوتلىرىدا كۆيدۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىقبال مەنزىلىنى قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلاندۇرۇشقا يارايدۇ.

11 - ئەسىر قاراخانىيلار ھاكىمىيەت تەختىدە ۋە قاراخانىيلار ئىلىم - پەن مۇنبىرىدە بىر يورۇق چولپان پارلىغانىدى. ئۇ پۈتۈن بارلىقىنى دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىگە ئاتا قىلغان، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئىستىقبالىنى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىغا باغلىغانىدى. ئۇ تىنىمسىز ئىزدىنىش، جاپالىق ئەجىر، يۈكسەك مەسئۇلىيەت بىلەن قاراخانىيلار ئۈچۈن جۇملىدىن ئىنسانىيەتنىڭ بەخت سائادىتى ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان مەنىۋى مەشئەل يېقىپ بەرگەن.

مەن ئۇنىڭدىن تەۋەررۈك قالغان «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسەرنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا، قەلبىمدە مىللىتىمگە بولغان يۈكسەك ھۆرمەت، خەلقىمىزنىڭ تەڭداشسىز

ئەقىل - پاراستىگە بولغان سۆيۈنۈش، خەلقىمىنىڭ بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇنقى بىلىش ئىقتىداردىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى قوزغالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئەقىل - پاراسەت ئىگىلىرىنىڭ ئەۋلادى بولغان بىزگە ۋە بىزنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىمىزگە بولغان ئۈمىد ۋە ئىشەنچ دولقۇنلىرىدا ھەم ئاققانىدىم. چۈنكى، «قۇتادغۇبىلىك»تىن يۈكسەك تەپەككۇر، تەڭداشسىز ئىقتىدار، ئۇلۇغۋار غايىۋى ئىستەكلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان بىر مەنىۋى شەھەر، ۋەتەن خەلقىگە، ئىلىم - مەرىپەتكە، ھەقىقەتكە، ئادالەتكە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئۇلۇغۋار بىر روھنىڭ پەرۋازى نامايان بولىدۇ.

بىراق، بۇ ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلار تەرىپىدىن تېخى تولۇق چۈشىنىشكە ئىگە بولمىغانلىقى ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش. ئۆزىنىڭ بوۋىسىنى بىلمەسلىك نەۋرىلەر ئۈچۈن بىر ھاقارەت، ئەجدادلىرىنى ئۇنتۇش ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز دەپنە قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسى، ئۇلارنىڭ ئىزىنى يوقىتىش ئازغۇنلۇق، ئۇلارنىڭ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلالماسلىق تارىخىمىزغا، ئەجدادلىرىمىزغا قىلىنغان ئاسىيلىق.

ئەپسۇس، نادانلىق جاھالەت كېيىنكى ئەۋلادلارنى، ئۇ ئۇلۇغ بوۋىلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلمىدى. ئازغۇنلۇق بىزنى قۇتلۇق يولدىن، يورۇق مەنزىلدىن ياتلاشتۇردى. نەتىجىدە بىز ئۇ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىزىنى يوقىتىپ قويدۇق. تەلىيىمىزگە يارىشا نەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، يوقالغان بۇ مەنىۋى گۆھەر تاسادىپىي



پۇرسەتتە بايقىلىپ، قايتىدىن ھاياتلىق نۇرىنى چاچتى. بىراق، ئەسەرنىڭ ئاپتورى يۇسۇپ بوۋىمىزنىڭ ھايات پائالىيىتىگە دائىر ئىزلار يەنىلا يوقالغان. شۇنداق بولسىمۇ مەن «قۇتادغۇبىلىك» تىكى غۇۋا سىيمالارغا، ناھايىتى ئاز تارىخىي ئىزلارغا ئاساسەن بەخت ئەلچىسىنىڭ ھايات مۇساپىسىنى تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئەسلەشكە تىرىشتىم. شۇ توغرىسىدا ئازراق رىۋايەت ساقلىنىپ قالغان بولسا قانچە ياخشى بولاتتى - ھە!

# مۇڭگۇز . . . مۇڭگۇز

نەشتەردەك چاقنىغان قەھرىتان قىشنىڭ سوغۇقلىرىنى ھەيدىگەن باھار شاملىنىڭ تەپتى بىلەن بالاساغۇن ئاسمىنى ۋە تەبىئەت يېڭى بىر باھارنى كۈتىۋالدى. پۈتۈن تەبىئەت قىشلىق چاپانلىرىنى سېلىپ، ياپيېشىل تون كىيدى. تۇنجى ئېچىلغان گۈل - چېچەكلەر يېڭى كېلىنىنىڭ چېكىسىگە قىسقان گۈلدەك تەبىئەتكە تېخىمۇ ھۆسن بېغىشلىغانىدى. بۇ دەل مىلادى يىل ھېسابىدا 1025 - يىللىق ئەتىياز مەزگىللىرى ئىدى.

ئۆز دەۋرىدىكى خاراخانىيلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزىدىن بىرى بولغان بالاساغۇننىڭ ئەتراپىدىكى بىر دەريا ساھىلى. ئالتە - يەتتە ياشلار چامىسىدىكى بىر توپ بالىلار دەريا بويىغا يىغىلىشىپ باھار پەيزىنى سۈرۈشمەكتە ئىدى. ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس ئويۇن، ھەربىر ياش باسقۇچىنىڭ ئۆزىگە يارىشا خۇشاللىقى بار دېگەندەك، ئۇ بالىلارنىڭ پۈتۈن زېھنى تۇرلۇك شەكىلدىكى بالىلار ئويۇنى بىلەن بەند. بالىلار ئوردىكام ئويۇنىدىن زېرىكتى بولغاي ھەممەيلەن پۇتلىرىنى قۇمغا كۆمۈپ، غۇژمەك بولۇپ ئولتۇرۇشتى. بۇ چاغدا بالىلار ئارىسىدىن كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان، مەڭزىلىرى قىزىل ۋە يۇپيۇملاق، ئېغىزلىرى ئويماقتەك



بىر بالا مۇڭگۇزلۇك ھايۋانلارنىڭ نامىنى سانىغىلى تۇردى. قالغان بالىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەكرارلايتتى.

— بۇغا . . . ئۆكۈز . . . قوچقار . . . — رىياسەتچى بالا مۇڭگۇزلۇك ھايۋانلارنىڭ نامىغا ئۇلاپلا، مۇڭگۇزسىز ھايۋانلارنىڭ نامىنىمۇ ماھىرلىق بىلەن قىستۇرىۋېتەتتى، — تۆگە . . . زىراپە . . .

— زىراپە . . .

بالىلارنىڭ ئارىسىدا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. چۈنكى، بالىلارنىڭ ئارىسىدا بىرەيلەن ئېزىپ مۇڭگۇزسىز ھايۋان زىراپىنىڭ نامىنى ئاتىغاندا ئەگىشىپ قويغانىدى. بالىلار ۋارقىرىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يېڭىلىشىپ قالغان بولۇق دېگەن بالىنى تۇتۇپ ئويۇننىڭ قائىدىسى بويىچە جازالاشقا تۇتۇش قىلدى. ئەسلىدە ئويۇننىڭ قائىدىسى بويىچە بولۇقنى ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ سۇغا تاشلايتتى، بىراق رىياسەتچى بالا نېمىشقىدۇر، ئاۋازىنى ئەتەي توم چىقىرىپ كەسكىنلىك بىلەن مۇنداق ھۆكۈم قىلدى:

— بۈگۈن سۇ ئۇلۇق ۋە لاي تۇرىدۇ. شۇڭا، بولۇق قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، مۇنۇ يەردىكى بۇ چېچەكنى چىشلەپ ئالىدۇ، — دەپ ھۆكۈم قىلدى ۋە دەرەختىن بىر تال چېچەكنى غولى بىلەن سۇندۇرۇۋېلىپ قۇمغا پاتۇرۇپ قويدى. بولۇق، بىرقانچە قېتىم قۇم قاساپ ئاخىر ناھايىتى تەستە چېچەكنى چىشلەپ ئالدى.

بالىلار ئويناۋاتقان بۇ ئويۇن ئۆز دەۋرىدە ئەۋج ئالغان بالىلار ئويۇنلىرىدىن «مۇڭگۇز . . . مۇڭگۇز» ئويۇنى

ئىدى. بۇ ئويۇن ئۇلارنىڭ زېھنىنى ئېچىپ، تەسەۋۋۇرىنى كۈچلەندۈرۈپ، هايۋانلار ھەققىدىكى تونۇشىنى، تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان چۈشەنچىسىنى ئاشۇراتتى. بۇ ئويۇننىڭ جازا ۋاستىسى بولسا بالىلارنى چىدامللىق، زېرەك، ھوشيار بولۇشقا ئۆگىتەتتى.

رىياسەتچى بالا ئۆزىنى شۇنچە ئەركىن ۋە خۇشال ھېس قىلاتتى. ئۇ ھەر دائىم بۇ بالىلار بىلەن بىرگە بولغىنىدا ئۇلاردىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. بالىلارمۇ بۇ رىياسەتچى بالىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى.

— يۇسۇپ، يۇسۇپ. . . ، چوڭ داداڭ چاقىرىۋاتىدۇ، بالام. بول، ھېكايە ئېيتىپ بېرىمەن دەيدۇ، — دەپ چاقىردى يۇسۇپنىڭ ئانىسى.

بۇنىڭ بىلەن قىزغىن ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ كەيپىياتىغا سوغ سۇ سېپىلگەندەك بولغان بولسىمۇ، لېكىن يۇسۇپ، بالىلارنى بوۋىسىنىڭ قىزىق ھېكايە ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىغا قىزىقتۇرۇپ ئىككى دوستىنى بىرگە ئېلىپ ئۆيىگە يۈگۈردى.

دوستلىرىنىڭ ئويۇنلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان بۇ ئەقىللىق شوخ بالىنىڭ، كېيىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ رىياسەتچىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. بىراق، ئۇنىڭ ھوشيارلىقى، زېرەكلىكى، پەم - پاراستى ۋە كۆزلىرىدىن يېنىۋاتقان سېھرىي نۇر ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر خاسىيەت بارلىقىدىن گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى.

تەقدىر ئەزەل كاتىپى ھەربىر ۋۇجۇد لەۋھەسىگە بىر



خىل ئۆزىگە خاس خاسىيەتلىك ئىقتىدار قەلىمىنى چېكىدىكەن. بۇ لەۋھەنى پەقەت شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىلا ئوقۇپ جارى قىلالايدىكەن. يۇسۇپنىڭ ۋۇجۇدىغا قانداق تەقدىر رەقەملىرى چېكىلىدىكىن - تاڭ، بۇنى تېخى ھېچكىم بىلمەيتتى. يۇسۇپنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىدىن ئۇلۇغۋار ئىشلارنى كۈتەتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قانچىلىك بەدەل كەتسە تۆلەشكە تەييارلىنىپ قويغانىدى.

# پەرزەنت ئەلنىڭ تەختى، زېمىننىڭ بەختى

ئادەم بۇ ئالەمگە تۆرەلگەندە پەقەت بىر ئىشنى يەنى قايسى زاماندا، كىمدىن ۋە قەيەردە تۇغۇلىدىغانلىقىنى بەلگىلىۋالالمايدىكەن. بەزىلەر شاھتىن، بەزىلەر پۇقرادىن بىرىمىز ياۋروپادا، يەنە بىرىمىز ئاسىيادا، بىرىمىز شەھەردە، يەنە بىرىمىز سەھرادا تۇغۇلىدىكەنمىز. بىرىمىز بىر مىللەت، يەنە بىرىمىز ئۇ مىللەت بولۇپ يارىلىدىكەنمىز. بىراق، قەيەردە كىمدىن تۇغۇلۇش بىر ئىش، قانداق ياشاش يەنە بىر ئىش ئىكەن.

يۇسۇپ قاراخانىيلارنىڭ يازلىق پايتەختى بالاساغۇندا 1017 ـ يىلى يۇقىرى نەسەبلىك ئۇيغۇرلاردىن بىرىنىڭ ئائىلىسىدە بۇ دۇنياغا كۆز ئاچتى. بۇ چاغ قاراخانىيلارنىڭ راسا قۇدرەت تاپقان، گۈللەنگەن دەۋرلىرى ئىدى. يەنە بىرى، قاراخانىيلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولغانىدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغا كەلگەندە قاراخانىيلارنىڭ شاھزادىسى سۇتۇق تېكىن نائىب خان ئوغۇلچاقنى ئۆلتۈرۈپ، خانلىق تەختىنى تارتىۋالدى. ئۇ تەختكە چىقىپ تۇنجى قەدەمنى قاراخانىيلارنىڭ ئەنئەنىۋى دىنى ئورنىغا ئىسلام دىنىنى قويۇشقا قاراپ باستى، شۇنىڭ بىلەن بۇ زېمىندا يېرىم ئەسىرگە يېقىن



ئاز بولمىغان قانلار تۆكۈلدى. قاراخانىيلارنىڭ يۇقىرى تەبىقە ئەربابلىرى ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. بۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلارنىڭ خانلىرىدىن تارتىپ ئوردىنىڭ باشقا مۆتىۋەرلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئىسىملىرىنىڭ ئورنىغا ئەرەبىي، ئىسلامىي ئىسىملارنى قويۇشقا يۈزلەندى. مانا مۇشۇنداق زۆرۈرىيەتتىن ئوردا مۆتىۋەرلىرىدىن بولغان يۇسۇپنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى يۇسۇپكە ئىسلامىيەت تارىخىدىكى پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى تاللاپ قويغانىدى. يۇسۇپمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق شۇنداق نۇرانە، شۇنچىلىك ئۆتكۈر بالا بولۇپ ئۆسمەكتە ئىدى. ئۇ ئائىلىسىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلدى.

يۇسۇپ ئىسلام دىنى مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلىشكە باشلىدى. يۇسۇپنىڭ ئانىسى تولىمۇ ئوقۇمۇشلۇق، تەقۋادار ئايال بولۇپ يۇسۇپنىڭ ئەمدى تىلى چىقىشقا باشلىغاندىن باشلاپلا ئۇنىڭ قەلبىنى ئىلىم ـ ھېكمەت بىلەن نۇرلاندۇرۇشقا ئىرادە قىلدى. يۇسۇپنىڭ بوۋىسى بالاساغۇن شەرھى مەھكىمىسىنىڭ قازىسى، دادىسى بولسا بالاساغۇن ئوردىسىدا پۈتۈكچىلىك مەھكىمىسىدە ئىشلەيتتى. ئۇلار يۇسۇپنىڭ باللىق دەۋرىدىكى تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسىنى ئانىغا تاپشۇردى.

— ئانىسى، مېۋە چېچەكتىن، ئادەم كىچىكىدىن، دېگەن گەپ بار، — دېدى يۇسۇپنىڭ دادىسى يۇسۇپنىڭ ئانىسى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ، — بالىمىز يۇسۇپ خېلى زېرەك ئەقىللىق بالا بولىدىغاندەك قىلىدۇ. مەن

ئۇردا ئىشلىرى بىلەن كۆپىنچە ئالدىراش بولۇپ ئۆتىدىكەنمەن. ئائىلىنىڭ كۆپ ئىشلىرىنى سىزگە تاپشۇردۇم، يۇسۇپنىڭ تەربىيىسىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلەيلى، ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلايدۇ. ھازىرقى ئاساسىنى ياخشىراق سالمىساق بولمايدۇ.

— ۋاي، بۇ بالىنىڭ مەندىن سورىمايدىغان گېپى يوق، — دېدى يۇسۇپنىڭ ئانىسى جاۋابەن، — ئادەمنىڭ ئەقلىگە يەتمەيدىغان ئىشلارنى، ئويلىمىغان گەپلەرنى سورايدۇ، بەزىدە نېمەدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەيلا قالىمەن. ئوقۇشقا بارسا خەلپىتىمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋېتەمدىكىن بۇ بالا.

— دۇنيادا بىرى مۆرىمەستىن قورۇق، يەنە بىرى نان يېمەستىن، دېگەن گەپ بار. كۆپ نەرسىلەرنى سورىغان ئادەم ئالىم بولىدۇ، — دەپ كۈلۈپ قويدى دادا، — بالا دېگەن بىر ئائىلىنىڭ مېۋىسى. ئۇنىڭ ئاچچىقى، چۈچۈملى ۋە تاتلىقى بولىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا شېخىدا مېۋە تۇتالمايدۇ. ياخشى مېۋە بەرسە ئەل - يۇرت ئۇ باغدىنمۇ، ئاتا - ئانىسىدىنمۇ رازى بولىدۇ، ئۇ دەرەخنى قۇرۇتۇپ قويسا ئەل - يۇرت ئاتا - ئانىدىن كۈلىدۇ. پەرزەنت دېگەن ئەلنىڭ تەختى، زېمىننىڭ بەختى، ئانىسى.



# سەبىي سوئاللار

— ئانا، ئادەم نېمىشقا ئۇخلاپ تۇرۇپمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ؟ — دېدى بىر كۈنى ئەتىگىنى، بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان يۇسۇپ ئانىسىدىن.

— ۋاي بالام يۇسۇپ، بۈگۈن يەنە قانداق چۈش كۆرۈپسەن، — دېدى يۇسۇپنىڭ سوئالىدىن ھەيران بولغان ئانا. يۇسۇپ ئانىسىنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرمەي، «نېمە چۈش كۆرۈپسەن؟» دەپ قايتۇرما سوئال سورىغانلىقىدىن بالىلارچە تېرىكتى:

— سىز مەن ھەر دائىم گەپ سورىسام، نېمە بولغان، نېمىشقا شۇنداق سورايسەن، دەپلا تۇرامسىز؟ — دېدى يۇسۇپ.

ئانىسى كۈلۈپ كەتتى ۋە يۇسۇپنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇرۇش ئۈچۈن:

— بالام، مەنمۇ چۈش كۆرۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تازا بىلىپ كەتمەيمەن، چوڭلاردىن «ياخشى چۈش تەڭرىدىن، يامان چۈش شەيتاندىن» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان. ھازىر بولدى قىلىپ چىپىڭنى ئىچكىن. داداڭ كەلگەندە سورىساڭ تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ.

— ئۇنداق بولسا بۈگۈن مەن چۈشىگەن چۈش تەڭرىنىڭ چۈشىكەن، — دېدى يۇسۇپ ئانىسىغا يېشىپ، —

كىچىك قۇش بولۇپ ئانا قۇشقا ئەگىشىپ ئۇچقۇدەكمەن، ئانا مېنى ئەگەشتۇرگەن چوڭ قۇش تەڭرىما؟

ئانا يەنە تەڭقىسلىقتا قالدى ۋە ئىلاجىسىز بالىنىڭ كۆڭلىگە يارىشا ئۇنى جاۋابسىز قالدۇرماسلىققا تىرىشتى.

— توغرا، بەلكىم تەڭرىدۇر، ئۇچۇپ چۈشەش خاسىيەتلىك، تەڭرىگە يېقىنلىشىش دېگەن گەپ، ساڭا تەڭرى قانات بېرىدىغان ئوخشايدۇ، بالام.

— ئانا، ئادەمگىمۇ قانات چىقامدۇ، ئۇنداق بولسا ساڭا نېمىشقا قانات بەرمىدى؟

— بالام، ساڭا گەپ تېپىپ بېرەلمەيدىكەنمەن، ئوقۇشقا بارغاندا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىسەن. ئادەم دېگەنگە ھەقىقىي قانات — بىلىم.

يۇسۇپ ئاخىر ئوقۇشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ روھلىنىپ كەتتى ۋە ئانىسىغا ئۈمىد ھەم ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى.

يۇسۇپ ئۈچ ياشنىڭ قارىسىنى ئالغاندىن تارتىپلا، ئۇنىڭدا ئاجايىپ قىزىقىش، تەبىئەتكە، ئادەملەرگە بولغان زوقمەنلىك ناھايىتى روشەن زاھىر بولۇشقا باشلىغانىدى. بولۇپمۇ تۆت ياشتىن ھالقىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قىزىقىشى تېخىمۇ كېڭەيگەن بولۇپ، ئۆز يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان سوئاللارنى سوراپ، ئانىسىغا ئارام بەرمەيتتى. ئانىسىمۇ ئوقۇمۇشلۇق يۇقىرى تەبىقە ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، مۇنتىزىم ئائىلە تەربىيىسىگە ئىگە بولغان ئىنتايىن پەزىلەتلىك ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى. ئۇ ئائىلىدە ئۆزىنىڭ ئاياللىق بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى بالىلارنىڭ ياخشى ئۇستازى بولۇش رولىنىمۇ ئالغانىدى.



* * *

— بوۋا. . . بوۋا. . .

باللار بىلەن مۇڭگۈز ئويۇنى ئويناۋاتقان يۇسۇپ بوۋىسىنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ، دوستلىرى بىلەن بىرگە يۈگۈرگىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەلدى. كەڭرى، ئازادە تال باراڭلىق ھويلىدىكى شىردىمال سېلىنغان سۇپا ئۈستىدە يۇسۇپنىڭ بوۋىسى ئولتۇراتتى. يۇسۇپ كىرىپلا بوۋىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى ۋە:

— نېمە ھېكايە ئېيتىپ بېرىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— بوۋاڭنى بىر ئەر پىيالە قىزىق چاي ئوتلىغىلى قويمامسەن، بالام، — دېدى ئۆيدىن چاي راسلاپ چىقىۋاتقان يۇسۇپنىڭ ئانىسى ۋە چاي قۇيغاچ، — ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سالامەتمۇ سىز بوۋا دەپ سالام قىل، — دەپ چاقچاق ئارىلاش كايىپ قويدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا، سالامەت تۇردىڭىزمۇ، بىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ، يامان سېغىنىپ كەتتىم، — دېدى يۇسۇپ بوۋىسىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ.

— بەلكىم مېنىڭ ھېكايەمنى سېغىنىپ كەتكەنسەن.

بوۋىنىڭ بۈگۈن كېلىشىدە ئالاھىدە مەقسەت بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئېرىنمەي، يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى، بۇ ھېكايە ئۇنىڭ مۇددىئاسىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. باللار سۇپىغا چىقىپ بوۋىنى چۆرىدەپ ئولتۇردى.

— بۇرۇنقى زاماندا، — دەپ ھېكايە باشلىدى

يۇسۇپنىڭ بوۋىسى، — يولۋاس پادىشاھلىقى بىلەن شىر پادىشاھلىقى ئوتتۇرىسىدا ياشاش ھوقۇقىنى ۋە ماكان تالىشىپ دۈشمەنلىشىش پەيدا بوپتۇ. يولۋاسنىڭ ۋەتىنى باياشات، بۈك - باراقسان ئىكەن. خەلقى ئەركىن - شاد ياشايدىكەن. ئۇلار ئۆز ۋەتىنىدىكى چوڭ - كىچىك پۇقرالىرى بىلەن ئىناق، تىنچ، خاتىرجەم ياشاۋاتقان چاغدا شىر پادىشاھنىڭ بۇ ۋەتەنگە كۆزى قىزىرىپ، يولۋاس پادىشاھلىقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن قوشۇنلىرى بىلەن يولۋاسلارنىڭ ۋەتىنىگە بېسىپ كەپتۇ...

— بوۋا، ھايۋانلارنىڭمۇ ۋەتىنى بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ، بوۋىسىنىڭ چاي ئوتلاۋاتقان پۇرسىتىدە.

— بولىدۇ، بالام، بولىدۇ، ئادەملەرنىڭلا ئەمەس، بارلىق ھايۋانلارنىڭ، ئۇچار قۇشلارنىڭ ۋە جان - جانىۋارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياشاش ماكانى بولىدۇ. مانا شۇ ئۇلارنىڭ ۋەتىنى. ئۇلارمۇ خۇددى ئادەملەردەك ۋەتىنىدىن مەھرۇم بولۇپ قالسا ھەممە نەرسىسىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ياشاش ھوقۇقى ۋە ياشاش پۇرسىتىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. بېلىق سۇدىن، يولۋاس ئورمانلىقتىن، چاشقان ئۇۋىسىدىن ئايرىلسا ياشىيالمىغانغا ئوخشاش.

— بۇ ۋاقىتتا، — دەپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى بوۋاي، — گەرچە يولۋاس پادىشاھلىقىنىڭ ئەسكىري كۈچى زور، خەلقى پىداكار بولسىمۇ، بىراق ئۇرۇش بەربىر خەلقىگە زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇرۇشۇش كېرەكمۇ ياكى سۈلھى تۈزۈش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە بىر قارارغا كېلەلمەي بېشى قېتىپتۇ.



ئەگەر سۈلھى تۈزۈش تەرەپدارى بولىدىغان بولسا، شىر پادىشاھلىقىنىڭ بارلىق تەلىپىگە قۇللۇق بىلدۈرۈش بىلەن ۋەتىنىگە ھاقارەت كەلتۈرۈش يولى بىلەنلا نەتىجىلىنىدىكەن.

قانداق قىلىش كېرەك. بۇنىڭغا بىر ئەپلىك تەدبىر تېپىلسا ھەم قان تۆكۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ھەم ۋەتىنىنى بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدىكەن.

شۇنداق پەيتتە يولۋاس پادىشاھلىقىنىڭ پۇقرالىرى ئارىسىدىن بىر تەدبىرلىك تۈلكە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىپتۇ:

— ئالىيلىرى، مېنىڭ بىر ياخشى تەدبىرىم بار ئىدى، — دەپتۇ يولۋاس شاھ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ.

— خوش، ئىجازەت، قېنى تەدبىرىڭنى ئېيت، — دەپتۇ يولۋاس پادىشاھ.

— مۇبادا مېنىڭ تەلىپىمگە قوشۇلسىلا، شىر پادىشاھنىڭ قوشۇنلىرىنى ئۆزۈملا ھالاكەت تورى ئىچىگە باشلاپ كىرەتتىم، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. يولۋاس پادىشاھ ئۇنىڭ قانداق تەلىپى بولسا ئورۇندايدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپتۇ.

— بىرىنچى تەلىپىم، مېنىڭ بالا - چاقىلىرىمنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشقا ۋەدە بەرسىلە، — دەپتۇ پىداكار تۈلكە.

— سېنىڭ پەرزەنتلىرىڭ مېنىڭ پەرزەنتىم، ئۇلاردىن غەم يېمىگىن، — دەپتۇ يولۋاس پادىشاھ.

— ئىككىنچى تەلىپىم، نۆكەرلەرگە ئەمر قىلسىلا، ئۇلارنىڭ مېنىڭ قۇلاق - بۇرۇنلىرىمنى كېسىپ

تاشلىسۇن.

پىداكار تۈلكىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئاڭلىغان شاھ ۋە نۆكەرلەر نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ھەيران بوپتۇ. نۆكەرلەردىن بىرەرسىمۇ چىقىپ پىداكار تۈلكىنىڭ بۇرۇن - قۇلىقىنى كېسىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. بىراق پىداكار تۈلكە ئۆز يېنىدىن شەمشىرىنى شارتلا سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۆزىنىڭ قۇلاق - بۇرۇنلىرىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. پۈتۈن ئەزايى قانغا چىلىنىپتۇ. ئۇ ئۆز پادىشاھى يولۋاسقا تازىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىر پادىشاھنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى تۇرۇشلۇق قارارگاھقا يۈرۈپ كېتىپتۇ.

— دات شىر پادىشاھ ھەزرەتلىرى، — دەپ پەرياد كۆتۈرۈپتۇ قۇلاق - بۇرۇنلىرى كېسىلىپ، يارىسىدىن قان ئېقىپ تۇرغان تۈلكە شىر پادىشاھنىڭ بارگاھى ئالدىغا كېلىپ، — ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بەرسىلە.

— نېمە ئىش، — دەپ سوراپتۇ شىر پادىشاھ كۆرەڭلىك بىلەن.

— مەن يولۋاس پادىشاھقا شىر بىلەن سۇلھى تۈزەيلى، ئۇلار كۈچلۈك، بىز ئاجىز، دېسەم، ئۇ نۆكەرلىرىگە قۇلاق - بۇرنۇمنى كەستۈرىۋەتتى. ئۇلار ئاساسىي قىسىملىرىنى بىر قانچە كۈنلۈك نېرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇنداق پىلان تۈزۈشتىكى، پەقەت مەنلا ئۇ يەرگە ئالىيلىرىنى باشلاپ بېرىپ، ئۇ سىرنىڭ تۈگۈنىنى يېشىشكە، ئالىيلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ھالدا بۇ باياشاد ئەلنى ئىدارە قىلىشىغا ياردەمدە بولالايمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئىنتىقامىمنىمۇ ئالالايمەن.

تۈلكىنىڭ بۇ سېھرىي ئەپسۇنىغا ئالدانغان شىر



پادىشاھ پۈتۈن قوشۇنىنى تۈلكىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىشقا ئەمر قىلىپتۇ. بۇلار يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر كۈن يۈرۈپتۇ، ئىككى كۈن يۈرۈپتۇ، بىراق يولۋاسلاردىن ھېچ دېرەك بولماپتۇ. تۆت - بەشىنچى كۈنىگە كەلگەندە قوشۇنىنىڭ ئوزۇق تۈلۈكى ئۈزۈلۈشكە باشلاپتۇ. بوستانلىقلار تۈگەپ چۆل - جەزىرىلەردىن مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يەتتىنچى كۈنى بۇلار تۈلكىنىڭ باشلىشى بىلەن ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ئىسسىق پىژغىرىم قىزىق قۇم بارخانلىرى بىلەن تولغان بىر ھالاكەت دەشتىگە يېتىپ كەپتۇ. شۇ چاغدىلا تۈلكە ئۆزىنى ئاشكارىلاپتۇ ۋە:

— ئەي مەلئۇن، سەن قەبىھلىكىڭ، نەپسانىيەتچىلىكىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ۋەتىنىگە كۆز ئالايتتىڭ. ئەلنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزدۇڭ. ساڭا ياخشى گەپ كار قىلمىدى. شۇڭا مەن سېنى ھالاكەت تورىغا ئېلىپ كىردىم. ئوزۇق - تۈلۈكىڭ پۈتۈنلەي تۈگىدى. ھەر تۆت تەرەپنىڭ ئارىلىقى يەتتە كۈنلۈك يول. بۇ ھالاكەت تورىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسەن. باشقىلارنىڭ ۋەتىنىگە كۆز ئالايتقانلارنىڭ تەقدىرى مۇشۇنداق بولىدۇ، — دەپتۇ.

— بالىلىرىم، ھېكايىنى چۈشەندىڭلارمۇ؟

پىداكار تۈلكىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ھۇزۇرلىنىۋاتقان بالىلار بوۋايىنىڭ گېپىگە دەرھاللا جاۋاب بېرەلمىدى. بوۋاي ئۇلارغا:

— سىلەر شۇنى بىلىسەڭلار بولىدى، ياشاش ئۈچۈن ئاشۇنداق پەم - پاراسەت ۋە پىداكارلىق كېرەك. پەم - پاراسەت بىلىمدىن، قابىلىيەتتىن كېلىدۇ. بىلىم ۋە

ئەقىل ـ پاراسەت ئوقۇش ئۆگىنىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. شۇنداق تۇلكىدەك مىڭ، ئون مىڭ ئادەملەرنىڭ ئىشىنى بىر ئادەم قىلالايدۇ. شۇڭا، ئەمدى سىلەر بالىلىق سايىلىقىڭلارنى تاشلاپ ئوقۇشۇڭلار كېرەك.

يۇسۇپ ئەمدىلا بوۋىسىنىڭ بۇ ھېكايىنى مەقسەتلىك ئېيتقانلىقىنى چۈشەندى ۋە شادلىنىپ، ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، بوۋىسىنىڭ بويىنغا گىرە سېلىۋالدى.

يۇسۇپنىڭ دادىسى ئۆيدە كۆپ تۇرالمايتتى. قاراخانىيلارنىڭ ئىككى پايتەختى ـ قەشقەر بىلەن بالاساغۇن ئارىسىدا كۆپ ماڭاتتى. قىشلىق پايتەخت قەشقەرگە ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن بىر كەتسە بەزىدە يېرىم يىلدا ئاران قايتىپ كېلەتتى. شۇڭا، يۇسۇپ بەزى چاغلاردا ئاپىسى بىلەن چوڭ دادىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان بولغاچقا چوڭ دادىسىغا بەكمۇ ئىچىكىپ كەتكەنىدى. بوۋىسىمۇ يۇسۇپكە قەۋەتلا ئامراقلىق قىلاتتى. بۇگۈنمۇ مەقسەتلىك ھالدا يۇسۇپنى بالاساغۇن ئوردا مەدرىسىسىگە ئوقۇشقا ئېلىپ بارغىلى كىرگەنىدى.



# مەرىپەت بېغىدىكى پەرۋانە

بالاساغۇن ئوردا باشلانغۇچ مەدرىسىسى. مەدرىسىنىڭ شەرت ـ شارائىتى ناھايىتى ياخشى، دەرسخانىلىرى ئازادە ۋە پاكىز بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانىمۇ ئانچە كۆپ بولمايتتى. مەدرىسىنىڭ بىر تەرىپىدە ياسىداق ئوردا مەسچىتى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ھەربىر ناماز ۋاقتىدا مەزىنىنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ئەزىنى دەرسخانىغا ناھايىتى ئوچۇق ئاڭلىناتتى. زىلچا سېلىنغان دەرسخانىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، دەرس ئاڭلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا بىردىن رەھىل بولاتتى. قاراخانىيلارنىڭ باشلانغۇچ مائارىپىدا ئاساسلىقى ساۋات چىقىرىش، ئانا تىل تەربىيىسى، دىنىي تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئەدەپ تەرتىپىنى مەركەزلىك تۇتاتتى. دىنى تەلىم ـ تەربىيە ئەرەب ـ پارس تىلىنى ئۆگىنىشتىن باشلىناتتى. ئەرەب ـ پارس تىلىنى ئۆگىنىش ئوقۇغۇچىلارغا خېلىلا ئېغىر بېسىم بولاتتى.

يۇسۇپ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنلا ئانىسى ئۇنىڭ خەت ساۋاتىنى چىقىرىپ بولغاچقا، ئۇ پۈتۈن دىققەت ئېتىبارىنى دىنىي ئىلىم ۋە تىل ئىلمىنى ئۆگىنىشكە قاراتتى. ئەتراپلىق يېتىلگەن ئۇستازلىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسى يۇسۇپنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇۋاتقاندەك زوقلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ زېھنى بارغانچە ئېچىلىپ، نۇرغۇن مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشقا باشلىدى.

يۈسۈپنىڭ ئۇستازلىرىغا بولغان يۈكسەك ئىخلاسمەنلىكى بىلەن ھۆرمىتى، ئۇستازلىرى بىلەن يۈسۈپ ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ چوڭقۇر بىر مېھىر - مۇھەببەت رىشتىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. ئۇستازلىرى، يۈسۈپنىڭ باشقا ساۋاقداشلىرىغا قارىغاندا ساۋاتىنىڭ تولۇق چىقىپ بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر قىسىم يەڭگىل كىتابلارنى يۈسۈپنىڭ ئوقۇشىغا بېرىدىغان بولدى. يۈسۈپنىڭ كۆپ ۋاقتى كىتاب ئوقۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، بەزىدە ناماز ۋاقتى بولغانلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قوياتتى.

بۈگۈن مەدرىسلەرنىڭ دەم ئېلىش كۈنى ئىدى. شۇڭا، ئاخشامدا مۇئەللىملىرى بەرگەن كىتابقا قىزىقىپ كېتىپ شام يورۇقىدا خېلى كەچكىچە كىتاب ئوقۇپ، ئاندىن ياتتى. ئەتىگەندە يۈسۈپنىڭ بوۋىسى ئايالىغا يۈسۈپنى نامازغا قوپۇرۇۋېتىشنى تاپىلاپ قويۇپ، مەسچىتكە چىقىپ كەتتى. بىراق، چوڭ ئانىسى يۈسۈپنى كۆپرەك ئۇخلىۋالسۇن دەپ ئويغاتمىغانىدى.

— يۈسۈپ، يۈسۈپ، قېنى سەن، يۈسۈپ مەسچىتكە چىقمىدىڭمۇ؟ — يۈسۈپنىڭ بوۋىسى نامازدىن قايتىپ تاشقىرىقى ئىشىكتىن يۈسۈپنى چاقىرىپ كىردى. شۇ چاغدا بوۋىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان يۈسۈپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ھويلىغا چىقتى - دە، كۈن قىزىلى بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چوڭ ئانىسىغا كايىپ تاپا قىلىشقا باشلىدى:

— ھەر قېتىم مېنى مۇشۇنداق شەيتانغا تاشلاپ بېرىپ، گۇناھكار قىلىسەن، چوڭ ئانا. ئۇستازىمىز



بىزگە، كۈن قىزىلىدىكى ئۇيقۇ غەپلەت ئۇيقۇسى، ئۇ تېنىڭنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، روھسىز ۋە لەقۋا قىلىپ قويىدۇ. سەھەر تۇرۇش ھاياتقا بەرىكەت بېرىدۇ، كۆڭۈل روشەن ۋە ئازادە بولىدۇ. ئادەمنىڭ زېھنى ئۆتكۈرلىشىدۇ، دېگەنتى.

سەل خاپا بولۇپ كىرگەن بوۋاي يۈسۈپنىڭ مۇپتىدەك قائىدە سۆزلەپ، گۇناھنى ئۆزلىرىگە ئارتىپ قويغانلىقىنى تەن ئېلىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە يۈسۈپكە:

— مۇدەررىسلەر، سەھەر تۇرۇشنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلەپ بالدۇرراق يېتىشنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلىمىدىما. ئوغۇل بالا دېگەن ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىشى، ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇشى كېرەك. قائىدىنىلا بىلىپ ئەمەلىيەتتە ئەمەل قىلمىساڭ بولمايدۇ، بالام، — دېدى.

* * *

يۈسۈپ بەك پەزىلەتلىك، زېرەك ۋە جۈرئەتلىك ئىدى. ئۇ مۇئەللىمى دەرس باشلاش ئالدىدا تەكىتلىگەن «بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم بولىدۇ، سوراشنى ھار ئالغان زالىم بولىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك تەۋسىيىسى بويىچە، يۈسۈپنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن - نۇرغۇن بالىلارچە سوئاللار تۇغۇلۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بەزى سوئاللىرى ئۆز يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئەقلى ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كېتەتتى. بۇنداق تەلەپچانلىق مۇئەللىملەردىمۇ قوزغىتىش پەيدا قىلاتتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ پىكىر قىلىشىنى

ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولاتتى.

يۈسۈپنىڭ باشلانغۇچ مەلۇماتنى تۆگىتەلىشى ئۇنىڭ ئوقۇش، بىلىش ھاياتىدا يېڭى بىر بەتنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مانا بۇ يىل ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى ناھايىتى ئىلغار نەتىجە بىلەن تاماملاپ، بالاساغۇن ئوردا مەدرىسىسىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەلىم ـ تەربىيىسىدىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىشقا باشلىدى. ئوقۇتۇش مەزمۇنى كېڭەيدى. بۇ باسقۇچتا تىل ـ ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە ئىلمى، مەنتىقە ئىلمى، قۇرئان تەپسىرى قاتارلىق پەنلەردىن باشقا ئاسترونومىيە، خىمىيە، ماتېماتىكا (ھەندىسە) پەنلىرىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىنىدىغان مەلۇماتلار بېرىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قاراخانىيلاردا ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەلىم ـ تەربىيىدىن باشلاپ ئەلەم (ھەربىي ئىشلار) تەربىيىسىمۇ بېرىلەتتى.

ئوقۇش ھاياتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنىڭ ئېچىلغانلىقى بىلەن ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىغىمۇ يېڭى ـ يېڭى نىشان تاختىلىرى قادالدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭدا ھاياتتىن، تۇرمۇشتىن ھەتتا ئۆزىدىن قەتئىي قانائەتلەنمەيدىغان نازۇك بىر تۇيغۇ ئويغىنىشقا باشلىدى. ھەر كۈنلۈك دەرس، ھەر كۈنلۈك ئىزدىنىش ئۇنى بىر خىل چەكسىزلىك، غايىۋى ۋە نازۇك بىر ئالەمنىڭ قوينىغا باشلاپ كىرىپ كېتىپ بارغاندەك تۇيغۇدا بولاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قاتمۇقات تارتىلغان سىرلار پەردىسى بىرمۇبىر ئېچىلىپ بۇ ئالەم ۋە ئادەم ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلاشقا باشلىغاندەك قىلاتتى. نېمىدېگەن خاسىيەت!



ئۇ بارا ـ بارا تۇيغۇ، ھېس ۋە تەپەككۇر كېمىسىگە ئولتۇرۇپ كائىنات مۆجىزىلىرىنى، ئىنسان روھىيىتىنى تەپەككۇر قىلىشقا مۇۋەپپەق بولۇۋاتاتتى. ئالەم نېمە؟ ئادەم نېمە؟ ئالەم قانداق پەيدا بولدى، ئادەم نېمە ئۈچۈن يارىتىلدى؟ ئالەم ئادەمگە نېمىلەرنى بېرىدۇ، ئادەم ئالەمدە ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى قانداق نامايان قىلىدۇ؟ ئادەم دۇنيادا پەقەت ئۈچ ۋاخ تاماقنىڭ ئەسىرى بولغان بىچارە بايقۇشمۇ، ياكى دۇنيانىڭ خوجايىنىمۇ؟ زامان نېمە، ماكان نېمە، تۇغۇلماق نېمە، ئۆلمەك نېمە؟ بەھرىمەنلىك نېمە، مەھرۇملۇق نېمە، بىلىم نېمە، بىلىشچۇ؟ . . . بۇلارنى ئويلىغىنىدا يۈسۈپ قانائەتسىزلىك ئوچىقىدا پۇچىلىناتتى.

بۈگۈنكى مەنتىقە دەرسىدە مۇئەللىم دەرس مەزمۇنىغا قوشۇپ ئادەمنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە چۈشەنچە بەردى. ئاخىرىدا تەپەككۇرنىڭ مەنبەسى نېمە؟ بىلىمنىڭچۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىنىپ كېلىشنى ئوقۇلداشلارغا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپنىڭ ئوقۇلداشلىرى ئارىسىدا بەس ـ مۇنازىرىگە سەۋەب بولدى.

— بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى بىر ساۋاقداش، — ئەقلىنىمۇ، بىلىمنىمۇ ئاللا بېرىدۇ، ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللا، — دېدى.

بۇ جاۋابنى ئىنكار قىلىش ھەقىقەتەنمۇ مۇشكۇل ئىدى. چۈنكى، «ئاللانىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ» دەپ قارىلاتتى. شۇ ئارىدا يەنە بىر ساۋاقداش چاقچاق

ئاربلاش جاۋاب قايتۇردى:

— بىزگە ھازىر بىلىمنى خەلپىتىم بېرىۋاتىدىغۇ، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ — دېدى. بۇ يۇسۇپنىڭ بالا چېغىدىن تارتىپ بىرگە ئوقۇۋاتقان ساۋاقدىشى ۋە ئۆمۈرلۈك دوستى قۇت بەگ ئىدى.

— مۇئەللىم بىزگە ئاللانىڭ ئىلىمنى ئۆگىتىدۇ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ھېلىقى ساۋاقداش.

— بۇ ھەقتە مۇنازىرە قىلىشقا ئورۇن يوق، ئاللا بۇنىڭ ھۆكمىنى قىلىپ بولغان، — دېدى يۇسۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋەزمىنلىك بىلەن. ئارقىدىن «ئىقرە» سۈرىسىنى يادقا ئوقۇغاندىن كېيىن، — ئاللا ئۆزى ئىنسانلارغا «ئوقۇ» دېگەن ھۆكۈمنى قىلغان. دېمەك بىلىم ئوقۇشسىز، ئۆگىنىشسىز كەلمەيدۇ، — دېدى. بۇ كۆچلۈك دەلىل ئالدىدا باشقا تالاش - تارتىشقا ئورۇن قالمىغانىدى.

يۇسۇپ بىلىم بىلەن ئوقۇشنىڭ، بىلىم بىلەن ئىنساني كامالەتنىڭ، ئىنسان كامالىتى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى، جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ھەققىدە ئويلىناتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە چوڭقۇر پىكىرلەر، سوئاللار تۇغۇلۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ گەرچە مۇئەللىملەرنىڭ دەرسىدىن نۇرغۇن ئىجتىمائىي ۋە تەبئىي قانۇنىيەتلەرنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، قانۇنىيەتلەرنى بىلىش بىر گەپ، ئۇنى رېئاللاشتۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم ۋە قىيىن مەسىلە ئىدى. ئۇ ئەمدى دەرس بىلەنلا قانائەت قىلمايدىغان بولدى. ئوردا كۇتۇپخانىسى



ئۇنىڭ ئۇچۇن چەكسىز ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەردى. يۇسۇپنىڭ تىل جەھەتتىكى ئىمكانىيىتى ئۇنى ئانا تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بىلەن چەكلەنمەي، ئەرەب تىلىدا ۋە پارس تىلىدا يېزىلغان ئۆز دەۋرىدىكى كەڭ مەزمۇنغا ئىگە بۈيۈك ئەسەرلەر ۋە گرېك تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇرغۇن ئەسەرلەر بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىنى بەردى. ئۇ ھەر كۈنى بۇ كىتاب دۇنياسىغا كىرىپ، ھەسەل ھەرىسى تۈرلۈك گۈل - غۇنچىلاردىن شىرنە يىغقانغا ئوخشاش مەنىۋى دۇنيادىكى خاسىيەتلىك خەزىنىدىن شۇنداق ياخشى بەھرىمەن بولۇشنى ئۆگىنىۋالدى.

# يۈسۈپ بالاساغۇنى

ھاياتنىڭ شەپىسىز دولقۇنى يۈسۈپنى ئاستا - ئاستا ئېقىتىپ 16 ياشنىڭ مەنزىلىگە ئېلىپ كەلدى. يىللار ئۇنىڭغا يۇمران قارا بۇرۇتلارنى سوۋغا قىلىپلا قالماي، قەددى - قامەتلىك، كۆزلىرىدىن ئۈمىد، ئىشەنچ، ۋۇجۇدىدىن جاسارەت ۋە جەڭگىۋارلىق چاقناپ تۇرىدىغان جۇشقۇن ياشلىقنىمۇ سوۋغا قىلدى. ئۇنىڭ جۇشقۇن ھېسسىياتچان ياشلىق ئىنتىلىشلىرىگە جور بولغان، ئىلھام قۇشلىرىنىڭ پەرۋازىنى نامايان قىلىدىغان جەڭگىۋار شېئىرلىرى ئۇنىڭ تالانتىنى نامايان قىلىشقا باشلىغانىدى. بىراق، ئۇ شېئىرلىرىدا بارلىق ياشلار ۋە شائىرلار ئاۋۋال قەلەم تەۋرىتىدىغان ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىدىن نېمىشقىدۇ ھالقىپ ھاياتنىڭ قايناق باغرىغا، ئادەمگە، ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتىگە، تەڭلىك - باراۋەرلىك، ئىجتىمائىي گۈللىنىش، تەرەققىيات، ئىلىم - پەن مەسىلىلىرىگە قاراتقانىدى. يۈسۈپ دەسلەپكى شېئىرلىرىنى فامىلىسىز يازغانىدى. 1034 - يىلى نورۇزغا ئاتاپ يازغان شېئىرىدا تۇنجى بولۇپ «بالاساغۇنى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ياشلار ئارىسىدا خاتىرىدىن خاتىرىگە كۆچۈرۈلۈپ قالماي، مۆتىۋەرلەر ئارىسىدىمۇ



خېلى ئېتىبارغا ئېرىشىشكە باشلىغانىدى.

يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ شېئىري ئىجادىيىتى تىلىنىڭ ئاممىباب، گۈزەل، ئويناق، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا قارىماي، يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ، ھەتتا بەزى ئۇستازلىرىنىڭ نەزىرىدە تۆۋەن تۇراتتى.

بىر ئايدىن بېرى ئوقۇلداشلار جىددىي ھالدا مەركىزىي ئوردىغا ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتاتتى. مەركىزى ئوردا قەشقەردىكى ساجىيە مەدرىسىسىگە ئوقۇشقا ئۆتۈش ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇسى ئىدى. چۈنكى، شەرقنىڭ بۈيۈك مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان قەشقەر ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە گۈزەللىكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى بۇ يەرگە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇرلارنىڭ توپلانغانلىقى بىلەنمۇ كىشىنىڭ دىل رىشتىسىنى ئۆزىگە تارتاتتى.

يۈسۈپنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قەشقەر ئۇنىڭ ھاياتلىق ئىنتىلىشلىرىنىڭ يەنە بىر يۈكسەك پەللىسى ئىدى. ئۇ قەشقەردە ئۆزى چوقۇنىدىغان ۋە دىدارلىشىشقا تەقەززا بولغان مەھمۇد قەشقەرىدەك ياش ئالىملار بىلەن، ئىمادىدىن قەشقەرىدەك داڭلىق ھېكىملار، ئەبەلپۇتۇھ ئالمايىدەك بۈيۈك تارىخچىلار، چۆچۈدەك تونۇلغان شائىرلار، ئىمام ھۈسەيىنگە ئوخشاش داڭلىق مۇدەررىسلەر بىلەن ئۇچرىشاتتى ۋە ئۇلارنىڭ دەرسىنى ئاڭلاش شەرىپىگە ئىگە بولاتتى.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا قەشقەرنىڭ دۇنيانىڭ

شەرقىدىكى بىر ئىلىم - مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇ دۇنيا مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئۇچرىشىدىغان تۈگۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن ساجىئە مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرىش ئۆز دەۋرىدىكى ئىلىم سۆيەر، ئىنتىلىشچان، مەدەنىيەتلىك بىر قاتلام ياشلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىنتىلىشلىرىدىن ئىدى. شەرقتىكى مەدەنىيەتلىك ئەللەردىن نۇرغۇنلىغان ئىختىساسلىق تالىپلار، بۇ مەرىپەت گۈلشىنىگە كېلىپ ئىلىم ئالاتتى. جاھاننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن كەلگەن سودا كارۋانلىرى بۇ دىيارغا دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ تۆكەتتى. قاراخانىيلارنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىدا قەشقەر دۇنياغا ئېچىۋېتىلگەن شەھەر بولۇپ، مەدەنىيەت ۋە سودا ئالاقىسىنى جانلاندۇرۇش، دۆلەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭا سودا كارۋانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، ئۇلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا مەخسۇس قانۇن پەرمانلار چۈشۈرۈلگەنىدى. قاراخانىيلار مائارىپنىڭ تەسىرىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، مائارىپنىڭ دۆلەتتە تۇتقان ئورنى ۋە ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئىمتىيازى غايەت زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى. پۈتۈن ئەلدە مائارىپنى سۆيۈش، مائارىپنى قوللاش، ئىلىملىك بولۇش، ئىلىم



ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەش بىر شوئار بولغانىدى. ساۋاتسىزلىق، بىلىمسىزلىك ئەل ئىچىدە ھاقارەتلىك ئىش بولۇپ سانالغاچقا، تۆۋەن قاتلام ئاۋاممۇ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشقا جەلپ قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆز دەۋرىدە ئاۋام پۇقرالار ئارىسىدا ساۋاتسىز ئادەملەرنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتقىلى بولاتتى، ھەتتا ئاددىي نامرات دېھقانلار خېلى مۇكەممەل ھۆججەتلەرنى ياخشى پۈتەلەيتتى. ئىلىمنىڭ بىر ئەلدە مۇنداق ئومۇملىشىشى مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە خېلىلا گۈللەپ ياشنىغان بىر مەنزىرىدىن دېرەك بېرەتتى.

# مەرپەت بەيگىسىدىكى رىقابەت

«ھايات بىر جەڭگاھ، مۇۋەپپەقىيەت نىشان؛ ھايات مۇساپىسىدە بىرەر ئىشتا بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان ھاياتنى ھايات دېمەسلىك كېرەك» يۇسۇپ بالاساغۇنى بوۋىسىنىڭ بۇ دەۋىتىنى ھەرقاچان ئەسلەيتتى. مۇشكۇللەرگە يولۇققاندا يۇقىرىقى سۆز ئۇنىڭغا ئىلھام، ئىشەنچ ئاتا قىلىپ ۋۇجۇدىدا پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇدرەت ھارارىتىنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.

باش باھار — نورۇز ئايلىرى. قەشقەر — دۇنيانىڭ شەرقىدىن ئالىي ئىلىم يۇرتى، ساجىيە مەدرىسىگە ئوقۇشقا كەلگەن خىللانغان، ئىلىم پەرۋانىلىرىنى كۈتۈۋالدى. تەرەپ - تەرەپتىن مەيىلەردە ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان خانزادە، بەگزادىلەر تۆگە كارۋانلىرى بىلەن ئەرەب دۇنياسىدىن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەردىن كېلىۋاتقان چەت ئەللىك تالىپلار غايىۋانە تەلپۈنگەن ئوردۇ كەنت — قەشقەرگە كېلىۋاتاتتى. قەشقەرنىڭ باش باھاردىكى ھاۋاسى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سىيپاپ ئۇلار سېپىلدىن كىرىشتىن بۇرۇنلا ئۇلارغا قەشقەرنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ بولغانىدى. يول بويىدىكى يېڭى ئېچىلغان چېچەكلەر غايەت زور دەستە - دەستە گۈل تۇتتۇۋاتقاندەك بىر - بىرلەپ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتاتتى. سېپىلگە يېقىنلاشقانسېرى شەھەردىكى ھۆپىگەرلەرنىڭ



چاقىرىشلىرى، ئاشپۇزۇللارنىڭ مەززىلىك پۇرىقىنى سۈرۈپ كېلىۋاتقان كۇتكۇچىلەرنىڭ تەكلىپلىرى، مىسكەرچى، تۆمۈرچىلەرنىڭ بولقىسىدىن چىققان ئاۋازلار تەبىئىي بىر قارشى ئېلىش ئەترىتى، ئالقىش ياغدۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

كارۋانلار توپى ئارىسىدا بالاساغۇنلۇق يۇسۇپمۇ بار ئىدى. بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ ياشلىق باھارىنىڭ مايسىلىرىنى كۆرسەتكەن بۇ يىگىت ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە خاس چىراي - تۇرق ۋە كىيىم - كېچەكلەر بىلەن تۆگە ئۈستىگە توقۇلغان كاجۇۋا ئۈستىدە پۈتۈن ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن سەپسېلىپ ئولتۇراتتى. ئەتىيازنىڭ يامغۇر، بورانلىرىدىن مۇداپىئەلىنىپ كىيىۋالغان كېپىنەك تونىنىڭ پەشلىرى ئېچىلغاندا، پۈتلىرىدىكى زەرپۇل دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچى ئۇچلۇق گۈللۈك ئۆتۈك، بېلىگە باغلانغان كۈمۈش توقۇلۇق بەلۋاغ ئۇنىڭ بەگزادىلەرگە خاس سالاپىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

كارۋان توپى سېپىلنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن شەھەرگە كىردى. يۇسۇپ، بالاساغۇن شەھىرىدە كۆرۈش مۇمكىن بولمايدىغان قاينام - تاشقىنلىق مەنزىرىنى كۆردى. رەستىلەردىكى دۇكانلار، يايمىچىلار ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن تۈرلۈك - تۈرلۈك، ئەتىۋارلىق مەھسۇلاتلارنى قول - قولغا تەگمەي سېتىۋاتاتتى. بىر يەردە ئىت تالاشتۇرۇۋاتقان، بىر يەردە توخۇ سوقۇشتۇرۇۋاتقان، بىر تەرەپتە بىدىكلەر قول سىقىشىپ سودىلىشىۋاتقان، كېلىشتۈرۈۋاتقان، تۇخۇم

چېكىشتۇرىۋاتقان. . . دېمەك، ھەممە ئادەم ئۆز ئويى، ئۆز كويى بىلەن ئىدى. يۈسۈپكە بىر ئىش بەكرەك تەسىر قىلدى. كارۋان توپى شەھەر مەركىزىدىكى چوڭ جامە مەسچىتىدىن ئۆتىۋاتقاندا بىرقانچە دىۋانىلەر كارۋانلار ئالدىغا قول كۆتۈرۈپ كېلىپ، سودىگەرلەرگە ئاللادىن بەرىكەت، ئامەت ۋە ئامانلىق تىلەپ قىلىپ، سەدىقە سوراشتى. سودىگەرلەرنىڭ بەزىلىرى بىرەر كۈمۈش تەڭگە تاشلاپ بەرسە، بەزىلىرى بىرەر مىس تەڭگە تاشلاپ بېرىشەتتى. دىۋانىلەر پۇللارنى تېرىۋالغاندىن كېيىن، ئارقىدىن ئۇلىشىپ كېلىۋاتقان كارۋانلارنىڭ ئالدىغا تىلەك تىلەپ بېرىشاتتى. شۇ ئەسنادا 12 ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا قول كۆتۈرگەن ھالدا يۈسۈپكە تىلەك تىلىدى:

— ئامان كەپسىز بەگزادە غوجام، ئاللادىن ئالتۇن تېنىڭىزنىڭ ئامان بولۇشىنى، ئوقۇشىڭىزنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇپ، چوڭ بەگلەردىن بولۇپ كېتىشىڭىزنى تىلەيمەن.

يۈسۈپ يېنىدىن بىر كۈمۈش تەڭگىنى چىقىرىپ دىۋانە بالىغا سۇندى، بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ كۈمۈش تەڭگىنى ئېلىپ، تېخىمۇ كۆپ تىلەكلەرنى ياغدۇرىۋەتتى. «مېنىڭ ئوقۇشقا كەلگەنلىكىمنى قانداق بىلگەندۇ» دەپ ئويلىدى يۈسۈپ. ئەمەلىيەتتە بۇ دىۋانىلەر ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرقىغا بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ قايسى تەبىقىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولاتتى. بىراق، يۈسۈپكە بەكرەك تەسىر قىلغىنى بۇ ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ خىيالىدا قەشقەرنى بۇ دۇنيانىڭ جەننىتى دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى. چۈنكى بۇ تەڭرىقۇتنىڭ ماكانى - دە، تەڭرىقۇتنىڭ ماكانىدا دىۋانىلارنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى.



«قەشقەرنى بۇ دۇنيانىڭ جەننىتى دەپ ئويلايتتىم، ئەجەبا جەننەتتىمۇ دىۋانە بولامدۇ؟ دىۋانىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى تەڭرىقۇتنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزىدىغان ئىشقۇ، بىر بەندىنىڭ ئۆز رىزقىنى ياراتقۇچىدىن تىلىمەي، بەلكى بەندىدىن تىلىشى ياراتقۇچىغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىكقۇ».

يۈسۈپنى ئېلىپ كەلگەن كارۋانلار قۇم دەرۋازا تەرەپتىكى بىر قوناقتا چۈشۈشتى. قوناق گەرچە كىچىكرەك بولسىمۇ خېلى ياسىداق ۋە ئازادە ئىدى. ئۇلار ھاردۇق چىقىرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھامماملىغا چۈشۈپ، يولنىڭ چاڭ - توزانلىرىدىن پاكلانغاندىن كېيىن كىيىم - كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلەپ، ساراي خوجايىنى خىزمەتكاردىن كىرگۈزگەن چايدىن بىر پىيالىدىن ئىچىشتى.

# خانزادىنىڭ قەلبى

ئەتىسى ئەتىگەندە يۈسۈپ ئۆزى بىلەن بىرگە كەلگەن ئوقۇلدىشى قۇت بەگ بىلەن بىرگە كىچىكىدىن باشلاپ تەلپۈنگەن مەرىپەت ئوچىقى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانلىق مەدرىسىسى ساجىئەگە تىزىمغا ئالدۇرۇشقا كەلدى. تالىپلاردىن كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار ناھايىتى ئىززەت - ئىكرام ۋە زىيادە تەكەللۇپ بىلەن يېڭى تالىپلارنى كۈتۈۋالدى. ئۇلار ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئۈچىنچى كۈنى جۈمە. مەدرىسە ئادىتى بويىچە ئۆز ئېلىدىن ۋە چەت ئەلدىن كەلگەن يېڭى تالىپلارنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ھەيۋەتلىك مەدرىسە بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ تۇرغان مەدرىسە مەسچىتىدە جۈمە خۇتبىسى ئوقۇلۇۋاتاتتى. خۇتبىدە بۈگۈن ئىمام ئاللانىڭ مەرھەمىتى بىلەن ۋە بۇغراخاننىڭ ئەدلى - ئادالىتى بىلەن قاراخانىيلار ئېلىنىڭ گۈللەپ ياشنىغانلىقى، خەلقنىڭ تىنچ - خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا مەدھىيە ئوقۇلغاندىن كېيىن، سۆز تېمىسىنى ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئىنسان كامالىتى توغرىسىدىكى مەزمۇنغا يۆتكەپ ناھايىتى قىممەتلىك تەبلىغ قىلىندى. مەدرىسىدە جۈمە نامىزى ئوقۇغاندا ئەرەب تىلىدا تەبلىغ قىلىش ئادەتكە ئايلانغانمۇ، جۈمە خۇتبىسى ئەرەب



تىلىدا بايان قىلىندى. يۈسۈپ بالاساغۇن بۇ ئىشتىن بىر ئاز ئەجەبلىنىپ تۇرغانتى، ئەزان توۋلاندى. جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىمام، يېڭى تالىپلارنى قارشى ئېلىش يىغىنى شۇ مەسچىتنىڭ ئۆزىدىلا ئېچىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئارقىدىن:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قاراخانىيلارنىڭ خانلىق مەدرىسىسىگە ھەرقايسى ئەللەردىن ئوقۇشقا كەلگەن تالىپلار، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تالىپلار، ھەرقايسىڭلارنىڭ ئىلىم تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن مەدرىسىمىزگە كەلگەنلىكىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، ئىلىم تەلەپ قىلىش پەرز. ئۇ بىزنى تەڭرىتائالا بىلەن يېقىنلاشتۇرىدۇ. بىز سىلەرگە ئەڭ يارامLIق مۇدەررىسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەتراپلىق يېتىلىشىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىمىز. تۇرمۇش شارائىتىڭلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەدرىسىنى ئۆز ئائىلەڭلاردىكىدەك ئىللىقلىققا ئىگە قىلىمىز. بىزنىڭ ئېلىمىزدە ئىلىم ئۇلۇغلىنىدۇ، خاقانلىرىمىز ئىلىم ئىگىلىرىنى ئەزىزلەيدۇ. شۇڭا، سىزلەرنىڭ خاتىرجەم ھالدا ئوقۇپ، ياخشى نەتىجىلەر بىلەن دۆلىتىڭلارغا قايتىشىڭلارغا تىلەكداشمىز. خاقانىمىز ئۆز سالىمىنى بىلدۈرۈشكە يېقىندا باغداتتا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن، ئوردا دىۋان بېگى ياش ئالىم، پەخىرلىك خانزادىلىرىمىزدىن مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن قەشقەرىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ سىلەرگە ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ سالىمىنى يەتكۈزىدۇ.

تالىپلار بىر - بىرلىرىگە قارىشىپ غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى. يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ بەتتەر

سوقۇپ كەتكەنىدى. چۈنكى، بۇ ياش ئالىم ئۆز تالانتى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەرەب دۇنياسىدىمۇ خېلى زور قەدىر - قىممەتكە ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىش نۇرغۇن ئىلىم ئاشنالىرىنىڭ ئارزۇسى ئىدى. يۈسۈپنىڭ دادىسىمۇ يۈسۈپ ئوردۇ كەنتكە مېڭىش ئالدىدا، ھۈسەيىننىڭ ئوغلى مەھمۇدنىڭ بارلىقى، ئۇنى ئىزدىشنىڭ لازىملىقىنى تاپشۇرغانىدى.

يېشى ئېخى ئوتتۇزلارغا بارمىغان قامەتلىك، يارىشىملىق ساقال قويغان، كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن قەشقەرى مېھرابتا پەيدا بولدى. ئۇ ياش تالىپلارغا ۋە مۇدەررىسلەرگە سالام قىلغاندىن كېيىن، ئۆز دەۋرىدىكى خاقانىيە تىلى يەنى قەشقەر تىلى بىلەن بۇغراخاننىڭ سالىمىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۈمىدىنى يەتكۈزدى. تالىپلار بۇغراخانغا ئاللادىن سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەشتى.

— تالىپلار، سىلەرنىڭ بەزىلىرىڭلار ئىراقتىن، ئىراندىن، باغدادتىن ۋە باشقا جايلاردىن كەلدىڭلار، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەھمۇد، — بەزىلىرىڭلار پارس تىلىدا تەربىيىلەنگەن، بەزىلىرىڭلار ئەرەب تىلىدا تەربىيىلەنگەن. بىراق، بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە تالىپلار تۈركىي تىل بىلەن ئەرەب تىلىدا تەڭ تەربىيىلىنىدۇ. بىزمۇ ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. تۈركىي تىل پاساھەت ھەم كامالەت جەھەتتە ئەرەب - پارس تىللىرىدىن ھەرگىزمۇ قېلىشمايدۇ. بۇ تىللارنى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئات دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.



تۈركىي تىللىق خەلق بىلەن ئەرەب - پارس تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن چوقۇم بىر - بىرىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. . .

مەھمۇد قەشقەرى تىل توغرىسىدىكى يۇقىرىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىشنى مەقسەتلىك ھالدا تۈرك تىللىق تالىپلارغا ۋە بىر قىسىم ئاغمىچى، ئەرەب تىلىغا بېقىنغۇچى مۇدەررىسلەرگە قارىتىپ ئېيتقانىدى. چۈنكى، قاراخانىيلار مائارىپى ئەزەلدىن ئەنئەنىۋى تەلىم - تەربىيىگە جۈملىدىن ئانا تىل تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. بىراق، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن خېلى زور خىرىسقا ئۇچرىماقتا ئىدى. بىر قىسىم ئاغمىچى ئەمەلدارلار ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى زىيالىيلار دىنىي ئېتىقادىنى باھانە قىلىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇشتا ئەرەب تىلىنى ئاساس قىلىشنى، ئەسەرلەرنى ئەرەب تىلىدا يېزىشنى كۈچەپ تەرغىب قىلىۋاتاتتى. ئۇلار بۇ خىل خاتا تاللاشنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى قانچىلىك زور مەھرۇملۇقلارغا ئېلىپ بېرىشىنى ئويلاپ قويمايتتى، دىنىي ئېتىقادنىڭ باشقا ئىش، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يەنە باشقا بىر ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى، بەزىلەر گەرچە چۈشەنسىمۇ قەستەن مىللىي مەدەنىيەتنى دوغا تىكىشكە تەييار ئىدى. بۇ خىل خاھىش ئۆز دەۋرىدە تۈركىي تىل بىلەن ئەرەب تىلى ئوتتۇرىسىدا، ئانا تىلنىڭ

ھىمايىچىلىرى بىلەن ئەرەب تىلى تەشەببۇسچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۈرىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدىن دالالەت بېرەتتى.

بۇ خىل خاھىش سابىئە مەدرىسىسىدە ئوقۇۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن تۈركىي تىللىق ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىمۇ خېلى كەسكىن ئىلمىي مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولۇپ قالماي، بەلكى تۈركىي تىللىق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ ئوخشىمىغان پىكىر ئېقىملىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇقىرىقى مەقسەتلىك تەۋسىيىلىرى چەت ئەللىك ۋە تۈركىي تىللىق تالىپلارنىڭ قەلبىدە نازۇك بىر سىلكىنىش پەيدا قىلدى. چۈنكى، يۇقىرىقى باياندا ھەرقانداق بىر تىلغا ھۇجۇممۇ قىلىنمىغان ياكى ئۆزىنىڭ تىلىنىمۇ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ قارىمىغان. ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن تالىپلارغا ئۆز ئانا تىلىنى قەدىرلەشنىڭ لازىملىقى، لېكىن ھەرگىزمۇ باشقا تىللارنى تۆۋەن كۆرمەسلىكنى ئۇقتۇرغانىدى.

«تىل قەلب مەنىلىرىنى ئاشكارىلىغۇچى» دېگەن ئىبارە يۈسۈپنىڭ كۆڭلىدە ئاجايىپ نازۇك بىر سېزىم ۋە سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ئويغاتتى. ئۇنىڭ ئىلھامى، ئۇنىڭ خاتىرىسىگە خەلقنىڭ بىر ئۇلۇغ ھېكمىتىنى ئىككى مىسرا شېئىر قىلىپ تىزدى:

كىشى كۆركى يۈز ئول بۇ يۈز كۆركى كۆز،
ئەقىل كۆركى تىل ئول بۇ تىل كۆركى سۆز.



شاھزادە مەھمۇد سۆزىنى داۋاملاشتۇرماقتا:

— تىل قەلب مەنىلىرىنىڭ ئاشكارىلىغۇچىسى، ھەرقانداق بىر ئەلنىڭ تىلى ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخى تەرەققىياتى داۋامىدا شەكىللىنىپ تاكامۇللاشقان. ئۇنىڭدا شۇ خەلقنىڭ روھى ۋە شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيىتى ساقلانغان. ھەرقانداق بىر خەلق ئانا تىلىنى سۆيۈشى، ئانا تىلىنى قەدىرلىشى كېرەك. تىل — ئۇ بىر مەنىۋى قورال بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ خەلقنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى، بىلىش نەتىجىلىرى، تەپەككۇر دۇردانىلىرىنى ئەڭ ئۇنۇملۇك دەرىجىدە ئىپادىلەپ بەرگۈچىدۇر. تىلغا تۇتۇلغان ھۆرمەتسىزلىك، ئانا تىلىدىن يۈز ئۆرۈش ئۆز ئېلىگە ۋە ئەجدادلىرىغا بولغان ئاسىيلىققا ئېلىپ بارىدۇ. تىلغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك ئەمەلىيەتتە شۇ ئەلگە بولغان ھۆرمەتسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، باشقا ئەلدىن كەلگەن تالىپلار بولسۇن، ئېلىمىزدىن كەلگەن تالىپلار بولسۇن، ئۆزىنىڭ تىلىنى قەدىرلەش بىلەن باشقا ئەللەرنىڭ تىلىنىمۇ ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. بىز تىل بىلەن بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىش مەقسىتىگە يېتىمىز. تىل دېگەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى قورالى، شۇڭا كۆپ تىل بىلىش — كۆپ قاناتقا ئىگە بولغاندەك، بىر ئەل بىلەن يەنە بىر ئەل ئارىسىغا سېلىنغان مەدەنىيەت كۆۋرۈكىدەك خاسىيەتلىك ئىش. مېنىڭ ئەرەب تىلى سەۋىيەم ھەرقانداق بىر ئوقۇمۇشلۇق ئەرەبنىڭ ئەرەب تىلى سەۋىيىسىدىن قېلىشمايدۇ. بىراق، مەن ئۆز ئەسەرلىرىمنى تۈركىي تىلدا يازىمەن. قاراخانىيلار خانلىقى

بۇ تۈركىيلەر دۆلىتى بۇ يەردە مەركىزى دېئالېكت خاقانىيە تىلى دەپ ئاتىلىدۇ. سىلەر بۇ دۆلەتكە ئوقۇشقا كەلگەن ئىكەنسىلەر، چوقۇم تۈركىي تىلنى مۇكەممەل بىلىشىڭلار كېرەك. خاقانىيە مەدرىسىسىدە دىنىي ئىلىمدىن باشقا دەرسلەرنىڭ تۈركىي تىلدا ئۆتۈلۈشى بەلگىلەندى، بۇ بۇغراخاننىڭ ئارزۇسى.

يۇسۇپ بالاساغۇنى ئىچ-ئىچىدىن پەخىر-ئىپتىخار زوقىغا چۆمۈلگەنىدى، ئۇمۇ خۇددى مەھمۇد قەشقەرىگە ئوخشاشلا ئۆز ۋەتىنىنىڭ مەدەنىيىتى، ئانا تىلىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى.

— مەن يەنە شۇنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى مەھمۇد قەشقەرى، — خانلىقىمىزدىن كەلگەن تالىپلار باشقا ئەللەردىن كەلگەن ئوقۇلداشلىرىڭلارغا كۆيۈنۈڭلار، ئۇلارغا ياردەم بېرىڭلار، بىر-بىرىڭلارنى ھۆرمەتلەڭلار، كۆڭۈل ئاغرىقى يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئىمكان بار ساقلىنىڭلار. بۇ مەدرىسە سىلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ھەرقانداق قىيىنچىلىقىڭلار بولسا ھەل قىلىپ بېرىدۇ. مەن سىلەرنىڭ ياخشى نەتىجىلەر بىلەن شان-شەرەپ قۇچۇشۇڭلارغا تىلەكداشمەن.

كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىدىن كېيىن مەدرىسە ئاشخانىسىدا زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ زىياپەت ئوقۇلداشلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇۋېلىشى، مۇدەررىسلەر بىلەن ئۇچرىشىۋېلىشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ئىدى. زىياپەت يېرىملاشقاندا بىر غۇلام يۇسۇپ بالاساغۇنىنىڭ قېشىغا كېلىپ:



— جانابلىرىنى خانزادە غوجام چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلىپ كەلدى.

يۇسۇپ بالاساغۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ غۇلام بىلەن بىرگە ئاشخانىنىڭ سىرتىغا چىقتى. مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۇسۇپ بالاساغۇنى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. يۇسۇپ بالاساغۇنى بۇ مېھرىبانلىقتىن ھودۇقۇپ قالدى. بۇنى سەزگەن مەھمۇد قەشقەرى:

— دادىڭىز سىزگە قەشقەرگە بارسىڭىز ھۈسەيىننىڭ ئوغلى بار، شۇنى ئىزدەڭ دېمىگەنمىدى.

— دادام دېگەن، بىراق سىزنى باغداتتا ئوقۇۋاتىدۇ، دەپ ئۇقتۇرغانىدى. سىزنىڭ ئۇ يەردىن قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزدىن دادامنىڭ خەۋىرى يوق. مەنمۇ خەۋەرسىز ئىكەنمەن، — دەپ تەكەللۇپ بىلەن جاۋاب بەردى يۇسۇپ.

— سىز بىلەمسىز، بىز بىر جەمەت. دادام بىلەن دادىڭىزنىڭ بېرىش-كېلىشى بەك قويۇق، ھېسابتا سىز ماڭا ئىنى بولىسىز. دادام بارسىخاندا تۇرىدۇ. بۇ قېتىم مۇلازىملاردىن سىزنىڭ قەشقەرگە ئوقۇشقا كەلگەنلىكىڭىزنى، مېنىڭ سىزنى ئۆز ئىنىمدەك كۆرۈپ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىشىمنى تاپىلىغانىكەن. مەدرىسە تۇرمۇشىغا كۆنمىسىڭىز، بىزنىڭ ئۆيگە كۆچۈپ بارسىڭىزمۇ بولىدۇ.

بۇ مېھرىبانلىق ئۆيدىن ئايرىلىپ باقمىغان يۇسۇپ بالاساغۇنغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى ۋە تەكەللۇپ بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ ئىلتىپاتتىن مەمنۇن بولغانلىقى، مەدرىسە تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىدى.

مانا بۇ 11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇنبىرىدە چاقنىغان ئىككى بۈيۈك ئالىمنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشى ئىدى. بۇ ئۇچرىشىش يۈسۈپنىڭ گۆدەك قەلبىدە خېلى چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ خاسىيەتلىك ئۇچرىشىشنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بەلكىم تولۇق ھېس قىلمىغاندۇ؟



# تارىخ مۇنازىرىسى

يۈسۈپ بالاساغۇنى قەشقەرگە كەلگىلى بىر ئايدىن ئاشتى. مۇدەررىسلەرنىڭ ئەتراپلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۆتكەن دەرسلىرى تالىپلارنىڭ چۈشەنچىسىدە يېڭى ـ يېڭى سەھىپىلەرنى ئاچماقتا ئىدى. ھەرقايسى ئەلدىن تاللىنىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رىقابەتمۇ خېلى ئۆتكۈر ئىدى. بۇنداق رىقابەت بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىش يولىدا پەلەمپەيلىك رول ئوينىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزى زىددىيەتلەرنىمۇ پەيدا قىلاتتى.

بۈگۈن تارىخ دەرسى ۋاقتى. دەرس مۇنبىرىدە 35 ياشلاردىكى قىران بىر مۇدەررىس قەشقەر ـ تۇران تارىخىدىن دەرس سۆزلىمەكتە. ياش بولۇشىغا قارىماي ئۆز دەۋرىنىڭ ئادىتىگە يارىشا ياراشتۇرۇپ ساقال ـ بۇرۇت قويۇۋالغان بۇ ياش ئالىم دەرسنى شۇنچىلىك بېرىلىپ سۆزلەيتتىكى، ئۇنىڭ بايانلىرىدىكى ئىپتىخارلىق ۋە ئىلمىي دەلىللەر تالىپلارنى شۇ تارىخىي دەۋرلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈۋېتەتتى.

ئۇنىڭ شۇ سائەتلىك دەرس تېمىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان توڭا ئالىپ ئەر توغرىسىدا بولدى.

ـــ قەشقەر، ـــ دەپ دەرسنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى

ئۇ، — تۇرانىيلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەھەرلىرىنىڭ بىرى. دەل مانا مۇشۇ شەھەرنىڭ بىنا قىلىنىشى تۇرانىيلارنىڭ قەدىمكى باھادىر خاقانى توڭا ئالىپ ئەرنىڭ نامى بىلەن باغلىنىدۇ. توڭا ئالىپ ئەرنى ئىران تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئاپراسىياپ نامىدا خاتىرىلەپ قالدۇرغان. تۇران تۇپرىقىدىكى نۇرغۇن شەھەر ۋە ئايماقلار ھەم توڭا ئالىپ ئەر ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ باھادىرلىقى، ئەقىل - پاراسەتلىكلىكى، ئادىل ۋە خەلقپەرۋەرلىكى بىلەن بۇ ئەلنىڭ ئاۋاتلىقى، تىنچ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن پۈتۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. ئۇنىڭ نامى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ ھازىرغىچە ئەل ئارىسىدا داستان بولۇپ كەلمەكتە. مۇنۇ قوشاقلار ئۇنىڭغا شاھىت بولالايدۇ.

ئالىپ ئەر توڭا ئۆلدىمۇ؟
يامان دۇنيا قالدىمۇ؟
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

ئەرلەر بۆرىدەك ھۇۋلىشىپ،
ياقا يىرتىپ ۋارقىرىشىپ،
ئۈنىنىڭ بېرىچە چىرقىراپ، پەرياد چېكىپ،
ئۆكسۈپ كۆزى ئۆرتىلەر.

بەگلەر ئېتىنى ھارغۇزدى،
قايغۇ ئۇلارنى تورغۇزدى.



مەڭزى، يۈزى سارغايدى،
خۇددى زەپىرەڭ سۈرتۈلگەندەك بولدى.

— يۇقىرىقى مەرسىيەلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەلق تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھەقىقىي تارازا تېشى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىرلىك كىشىلىرىنى قەلب خاتىرىسىدە مەڭگۈ ھايات ساقلاش قابىلىيىتىگە ئىگە. تارىخ ئۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئاشكارىلانغان رېئاللىق. ئىرانلار بىلەن بولغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش كۈرىشى داۋامىدا ئۇنىڭغا ئىران پادىشاھلىرىمۇ قول قويغان. كېيىن، ئىران قوشۇنلىرىنىڭ پىستىرمىدا قويغان چېرىكلىرىنىڭ ئوقىدا ھاياتتىن ئايرىلغان. يۇقىرىقى قوشاقلار تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۇ سۆيۈملۈك خاقانىغا بولغان قايغۇلۇق سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن ئەل بۆرىدەك ھۇۋلىشىۋاتىدۇ، ياقا يىرتىشىپ پەرياد چېكىشىۋاتىدۇ، كۆزلىرىدىن قانلىق ياشلىرىنى ئاققۇزىۋاتىدۇ. مانا بۇ ھۆرمەت، مانا بۇ قەدىر - قىممەت...

مۇدەررىس خېلى ھاياجانلانغانىدى. تالىپلارمۇ جىمىپ كېتىشتى. ئارقىدىن دەرسىنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ خۇلاسىلىگەندىن كېيىن، ئوقۇلداشلارغا ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇپ كۆرۈشنى تاپىلاپ دەرستىن چۈشتى.

دەرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىرانلىق تالىپلار بىلەن تۇرانلىق تالىپلار ئوتتۇرىسىدا مۇنازىرە بولۇشقا باشلىدى.

ئىرانلىق تالىپلارنىڭ نەزىرىدە ئاپراسىياپقا بېرىلگەن باھا تازا توغرا بولمىغانىدى. شۇڭا، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئىرانلىق بىر تالىپ مۇدەررىستىن سورىدى:

— بىز ئىراندا ئاپراسىياپ ھەققىدە دەرس ئاڭلىغاندۇق، — دېدى ئۇ، — بىزگە دەرس ئۆتكەندە ئاپراسىياپنى زالىم، قانخور پادىشاھ، تاجاۋۇزچى دەپ مەلۇمات بەرگەنىدى.

بۇ تالىپنىڭ سوئالىنىڭ ئايىغى چىقمايلا، ياش مۇدەررىس كۈلۈپ كەتتى. ئىرانلىق تالىپ سۆزىنى توختاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقى ناھايىتى روشەن بولغانىدى.

— تارىخ توغرا مەيداندا تۇرۇپ چۈشەندۈرۈلمىگەندە، تارىخىي شەخسلەرگە بېرىلگەن باھا خاتا يەكۈنگە ئېلىپ بارىدۇ، — دېدى مۇدەررىس، — ئىككى تەرەپ دۈشمەنلەشكەندە بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى ھەرگىز ياخشى سۈپەت بىلەن تەرىپ قىلمايدۇ. بىراق، تارىخ يازغاندا ھېسسىيات ئەمەس، تارىخىي پاكىت ھۆرمەت قىلىنىدۇ، تارىخ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قەلبىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۇقىرىقى جاۋابنى ئاڭلىغان ئىرانلىق ئوقۇغۇچىلار گەرچە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇئەللىم كەتكەندىن كېيىن تۈركىي تىللىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىرانلىق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يەنە مۇنازىرە بولدى.

— ئابراسىياپ، — دەپ غودۇڭشىدى ئىرانلىق ئوقۇغۇچى، — تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ ئادالەتلىك شاھ دەپ



قارالمىغان، ئۇ ئىران خەلقىگە ئېغىر كۈلپەتلەرنى كەلتۈرگەنىكەن.

— سىز كۆرگەن تارىخىي مەنبەلەر دەل ئىران تارىخى مەنبەلىرى، — دېدى ئارىدىكى سوئال - جاۋابلارغا دىققەت قىلىپ تۇرغان، قۇت بەگ مۇنازىرىگە ئارىلىشىپ، — تۈرك مەنبەلىرىنى كۆرسىڭىز يەنە باشقىچە تەسىراتقا كېلىشىڭىز مۇمكىن.

— سىز قايسى تارىخىي مەنبەلەرنى نەزەردە تۇتۇۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى ئىرانلىق ئوقۇغۇچى.

— ھەرقانداق تارىخىي مەنبەلەردىنمۇ خەلق بەرگەن باھا ئەڭ ئىشەنچلىك بولىدۇ، — بۇ جاۋابنى بەرگۈچى يۈسۈپ بالاساغۇنى ئىدى. ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا ئاپراسىياپ ھەققىدىكى بىرقانچە مەرسىيە قوشاقلارنى يادقا ئوقۇدى:

زامان پۈتۈنلەي ئاينىدى،
پەزىلەت تامامەن چىرىكلەشتى
بولۇمسىز ياۋۇز كىشىلەر تەۋرىدى،
پەزىلەت بېگى يوقىلىپ.
. . . . . .

ئالىپ ئەر توڭانىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا بىرقانچە مەرسىيە قوشاقلىرى ئوقۇلغاندىن كېيىن، ئىرانلىق ئوقۇغۇچىلار نائىلاج مۇنازىرىدىن ئۆزىنى تارتىشقا مەجبۇر بولۇشتى.

تارىخ دەرسىدىلا ئەمەس، باشقا تەبىئىي پەن دەرسلىرىدىمۇ ھەرقاچان مۇنازىرىلەر بولۇپ تۇراتتى. ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، خىمىيە پەنلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىلىش نەتىجىلىرى بىلەن ئەرەب دۇنياسىنىڭ بىلىش نەتىجىلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن زىددىيەتلەر كېلىپ چىقاتتى. بۇنداق بولۇشىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئەت دۇنياسى توغرىسىدىكى نۇرغۇن بىلىشلىرى ناھايىتى قەدىمكى تارىخىي دەۋرلەردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئۈزلۈكسىز بېيىپ بېرىۋاتقان ئاسترونومىيىلىك بىلىشلىرى ۋە تۆت زات كۆزقاراشلىرىغا مەركەزلىشەتتى. ئەرەب دۇنياسىدا بولسا قۇرئان چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن نۇرغۇن تەسەۋۋۇرلار قۇرئان روھىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇۋاتاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدرىسلەر تېخى ئەنئەنىۋى ئىلمىي بىلىش نەتىجىلىرىدىن چەك - چېگرا ئاجراتمىغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئەرەب مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى خېلى زور پەرقلەرگە ئىگە ئىدى. ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن گەرچە بىر قىسىم ئەنئەنىۋى ئادەتلەر دىنىي تۈس ئېلىپ ئۆزگىرىپ كېتىشكە، كىيىم - كېچەكلەرمۇ ئەرەب كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۆرنەك قىلىشقا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاۋام ئىچىدە يەنىلا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈك ئالغانىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئەرەب دىيارىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى تالىشىش



سەۋەبلىكمۇ بەزى سۈركىلىشلەر بولۇپ تۇراتتى. ھايات دېگەن مانا مۇشۇنداق تالاش - تارتىشلار داۋامىدا كامال تاپىدۇ، ھەرخىل مۇنازىرىلەر داۋامىدا ئاجايىپ يېڭى - يېڭى ھەقىقەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، مۇنازىرىسىز ئىلىم بولمايدۇ. بۇ خىل مۇلاھىزە - مۇنازىرىلەر تالىپلارغا ناھايىتى كۆپ ئەقىل - پاراسەت ۋە چۈشىنىش ئاتا قىلماقتا ئىدى.

# بۇغراخاننىڭ ھىممىتى

شۇنداق قىلىپ، يۇسۇپ بالاساغۇنىنىڭمۇ ئوردۇكەنتتە ئىلىم ـ تەھسىل قىلىشۋاتقىنىغىمۇ تۆت يىل بولۇپ قالدى.

1038 ـ يىلى، يېڭى يىل خۇشاللىقى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش خۇشاللىقى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان تالىپلارنىڭ روھىي ھالىتىدە جىددىيلىك پەيدا قىلغانىدى. بولۇپمۇ ھەر يىلى شان ـ شەرەپ قۇچقان ئوقۇغۇچىلار قاراخانىيلارنىڭ ئادىتى بويىچە بۇغراخاننىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە مۇكاپاتىغا نائىل بولاتتى.

قاراخانىيلار مائارىپى بۇ يىل يەنە ئىپتىخار بىلەن ۋۇجۇدىدا تەڭداشسىز ئىقتىدار بالقىپ تۇرغان، ئىلغار پىكىرلىك، تەرەققىيپەرۋەر ئىجادچانلىق روھىغا باي، يۇكسەك قىممەت ئېڭى ۋە ئىستېتىك ئاڭغا ئىگە بولغان ئىلىم ئاسمىنىدا كۆزگە چېلىقىۋاتقان بىر چولپاننى جەمئىيەتكە چىقىرىش ئالدىدا تۇراتتى. دۆلەتنىڭ ئۇلى، خەلقنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرى مانا شۇنداق مەرىپەت چولپانلىرى ئارقىلىقلا تېخىمۇ مۇستەھكەم بولاتتى. يۇسۇپ يۇكسەك بىر مەسئۇلىيەت بىلەن ئوردۇكەنتتىكى تۆت يىللىق ئوقۇشنى نەتىجىلىك تاماملاش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەنگەن ئىستېداتى بىلەن جەمئىيەتتە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەييارلانغانىدى. مۇدەررىسلەرمۇ، ساۋاقداشلىرىمۇ يۇسۇپ



بالاساغۇنىنىڭ ئىستېداتىغا قايىل بولسىمۇ بىر قىسىم مۇدەررىسلەر يۇسۇپكە بىرئاز سوغ نەزەر بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، يۇسۇپ ھەرگىزمۇ دەرسنى چوقۇنۇش ئاساسىدا ئۆلۈك قوبۇل قىلمايتتى، بەلكى ئۇ ھەربىر مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، دەلىللەش ئارقىلىق ھەقىقەتكە، قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن دەپ قارىغان مەسىلىلەرنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى، بەزى مەسىلىلەرنىڭ ھەقىقەتكە، قانۇنىيەتكە زىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندا، يۈرەكلىك ھالدا ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇدەررىسلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالاتتى، بۇنداق چاغدا يول قويغۇسىمۇ كەلمەيتتى ۋە ھەرگىز ئۆز پىكرىدىن يانمايتتى. بۇنداق چاغدا بەزى ئوقۇلداشلىرى:

— بىرەر قېتىم بولۇپتۇ دەپ قويساڭ بولمامدۇ، يۇسۇپ، مۇدەررىسلەر بەربىر بىزنىڭ ئۇستازلىرىمىزغۇ، — دەيتتى.

— ئىلىم مەسىلىسىدە، ئۇستاز، شاگىرتلىق مەسىلىسى مۇھىم ئەمەس، — دەيتتى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن، — ھەقىقەت مەسىلىسىنى ئۈستۈنكى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ھەرقانداق بىر مەسىلە ئۆزۈڭگە روشەن بولمىغاندا، ئۇنىڭغا ئەگىشىش خاتا بولىدۇ.

بۇنداق ھەققانىيلىق خاراكتېر بەزى مۇدەررىسلەرگە تازا ياقمايتتى. ئۇلار ئوقۇلداشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دەرسنى ئېتىرازسىز، ئىنكاسسىز ھالدا قوبۇل قىلىشىنى خالايتتى. بۇنداق يوشۇرۇن ئاغرىنىش مۇنەۋۋەرلەرنى تاللاش باسقۇچىغا كەلگەندە ئاشكارىلاندى.

يۇسۇپ بالاساغۇنىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىمۇ ۋە ئىلمىي نەتىجىسىمۇ ناھايىتى يۇقىرى چىقتى. مەدرىسە مەمۇرىيىتى مۇنەۋۋەرلەرنى تاللاش ئۈچۈن مەجلىس قۇردى. بۇغراخاننىڭ شان ـ شەرىپىگە مۇناسىپ، مەكتەپنىڭ ئىناۋىتى ۋە شان ـ شەرىپىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان تالىپلارنى تاللاش ناھايىتى مۇھىم ئىدى. ھەر يىلى 27 تالىپ تاللىناتتى. بۇ يىل 18 تالىپنى تاللاش قارار قىلىندى. بۇ ئەلۋەتتە تەلەپنىڭ تېخىمۇ چىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى، چۈنكى، ئۇلار بۇغراخاننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكۈچىلەر ئىدى.

بىرىنچى كۈنى مەجلىس ئەھلى پەقەت توققۇز نەپەر تالىپنى كۆرسىتىپ مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزدى. بۇلارنىڭ بىرى يۇسۇپ ئىدى، بىراق يۇسۇپ كېيىن مۇزاكىرە قىلىنىدۇ، دەپ ئېسىپ قويۇلدى. بۇ توغرىدا مەجلىس ئەھلى توغرىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىقتى.

— يۇسۇپتە ئىقتىدار بار، — دېدى مەجلىس ئەھلىدىن بىرى، — بىراق مۇدەررىسلەرنىڭ پىكرىگە قارىغاندا بىرئاز مۇتەككەببىر (تەكەببۇر) ئىكەن. بىلىم ئەھلىگە نىسبەتەن مۇتەكەببىر بولۇش پەزىلەتسىزلىك، تەڭرى مەنمەنلىكنى ياقتۇرمايدۇ.

— ھەققانىيلىق بىلەن مۇتەكەببىرنىڭ خاراكتېرىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتسەك مۇناسىپ بولمايدۇ، — دەپ ئېتىراز بىلدۇردى، يەنە بىر كىشى، — مەن تۆت يىلدىن بېرى يۇسۇپتە ئۇنداق يامان خاراكتېرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەرنى كۆرمىدىم، ئۇ ئىلىمگە نىسبەتەن بەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇتەكەببىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان. بىرى، ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلماسلىق. يەنە بىرى، باشقىلارنى كۆزىگە ئىلماسلىق. يۇسۇپتە ھەر ئىككى خىل يامان خاراكتېرنى ئىپادىلەيدىغان ئالامەت يوق. ئۇ بەك كەمتەر يىگىت.

— يۇسۇپ توغرىسىدا بەزى مۇدەررىسلەرنىڭ پىكرى بار ئىكەن، — دەپ يەنە گېپىنى يورغىلاتتى، بىرىنچى قېتىم قارشى پىكىر قويغان كىشى، — ئۇ بالا دەرستە ھەقىقەتكە زىت بولغان پىكىرلەرنى قىلىپ يامان تەسىر پەيدا قىلىپتۇ.

— بىزمۇ بۇ ھەقتىكى گەپ ـ سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. بىراق ھەقىقەتكە زىت بولغان تەرىپىنى بايقىمىدۇق. ئۆتكەن قېتىم ئالەمنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدىكى ھېكمەت مۆجىزىسى توغرىسىدا بىرئاز تىركىشىپ قالغانىكەن. ئەمەلىيەتتە بىز مۇدەررىسلەرنىڭ ۋەزىپىسى مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۇرۇپ، مەۋھۇملاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ، روشەنلەشتۇرۇپ بېرىش. چامىمىز يەتمىگەن نەرسىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ، سىرلىقلاشتۇرۇپ قويساق، ھەقىقەت بۇرمىلانغان بولىدۇ. ئالەمنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا يارانقۇچىنىلا ئېتىراپ قىلىپ، يارىتىشقا ۋاستە بولغان تۆت ئۇنسۇرنى ئىنكار قىلساق بولمايدۇ. ۋاستە ئىنكار قىلىنسا، نەتىجىدە مەقسەت ئىنكار قىلىنىدۇ. يۇسۇپنىڭ تىركەشكىنى مۇشۇنداق ئىشلارغۇ. بەزى مۇدەررىسلەرنىڭ بۇنىڭغا غۇمى بار ئوخشايدۇ، بىز مانا مۇشۇنداق خاراكتېرنى مۇتەككەببىرلىك

دېسەك بولىدۇ.

بۇ پىكىرنى قويغۇچى، ساجىئە مەدرىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە مەنتىقە ئىلىم مۇدەررىسى، ئالىم قەمەرىددىن ئىبنى كۆكيارىق ئىدى.

مۇنازىرە داۋامىدا يۇسۇپ بالاساغۇنىنىڭ 18 نەپەر ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى قاتارىغا قوشۇلۇشى ئۇ كۈنى ھەل بولمىدى. ئەتىسى خېلى كۆپ تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن ئاخىر يۇسۇپ بالاساغۇنىنىڭ تەرىپىنى ئالغۇچىلار ئۈستۈنلۈك ئالدى.

* * *

ھەپتىنىڭ 5 - كۈنى جۈمە. ساجىئە مەدرىسىسى 18 نەپەر ئەڭ مۇنەۋۋەر تالىپلارنى يىغىپ، ئۇلارغا ئوردىغا بۇغراخاننىڭ قوبۇلىغا چىقىشقا تەييارلىنىشنى ئۇقتۇردى. يۇسۇپنىڭ نۇرغۇن ساۋاقداشلىرى بۇ شان - شەرەپنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى ئارزۇ قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇ كۈنى قاراخانىلار ئوردىسى ئالدىدا ...



جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مەسچىت سەيناسىدا ئوردىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ۋەزىر - ۋۇزرالىرى سەپ - سەپ بولۇپ ئىككى ياقىغا ئايرىلىپ تۇرۇشتى. تاشقى مەسچىتنىڭ سۇپىسىغا كۇرس قويۇلدى. بۇغراخان شاھانە كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن جامائەتنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى.

پەرمانچى بەگ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن 18 نەپەر مۇنەۋۋەر تالىپنى بۇغراخان ئالىيلىرىغا سالام بېرىشكە چاقىردى:

— كەرەملىك شاھىمىز مەرىپەتپەرۋەر خاقان. ئۇ ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ساجىئە مەدرىسى» قوشنا ئەللەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تارتىپ، نۇرغۇن تالىپلار ئىلىم - تەھسىل قىلىشقا كەلدى، مەدرىسىمىز نۇرغۇن مۇنەۋۋەر تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقاردى. بۇ قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان تالىپلارنىڭ 18 نەپەر مۇنەۋۋەر ۋەكىلى كەرەملىك شاھىمىزنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە مۇكاپاتىغا نائىل بولىدۇ. ھازىر ئۇلار شاھقا سالام بەرسۇن.

18 نەپەر تالىپ ئۈچتىن ئالتە سەپ بولۇپ بۇغراخانغا نەچچە قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ سالام بەردى:

— بىز تەڭرىدىن بۇغراخان ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنەتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللار داۋاملىشىشىنى، تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى تىلەيمىز، — دەپ قول باغلاپ سالام قىلدى.

— ئىجازەت، — دېدى بۇغراخان ئورنىدىن تۇرۇپ، — سىلەر تەڭرىنىڭ يولىنى تۇتۇپ ئىلىم بابىدا شان - شەرەپ قۇچتۇڭلار. ئىلىم ئەھلى تەڭرىنىڭ

دوستى، شۇڭا بىز سىلەرنى قەدىرلەيمىز، سىلەردىن پەخىرلىنىمىز ئاراڭلاردا قوشنا ئەللەردىن كەلگەن تالىپلار بار ئىكەن. ئەگەر خالىساڭلار مەملىكىتىمىزدە قېلىپ قالساڭلار، بىز سىلەرگە مۇھىم ئورۇن بېرىمىز، ئەگەر خالىمىساڭلار مەملىكىتىڭلارغا بېرىپ ئۆز بۇرچۇڭلارنى ياخشى ئادا قىلىشىڭلارغا تىلەكداشمىز.

تالىپلار تۆۋەنچىلىك بىلەن بۇغراخاننىڭ شەپقىتىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈشتى.

ئارقىدىن بۇغراخاننىڭ ئەمرىگە بىنائەن پەرمانچى پەرماننى ئوقۇپ ئۆتتى:

— شاھىمىزنىڭ پەرمانى مۇنەۋۋەر تالىپلارغا تون كىيگۈزۈلىدۇ ۋە 18 نەپەر مۇنەۋۋەر تالىپنىڭ ھەربىرى بىردىن ئارغىماق بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئارغىماقلار كەلتۈرۈلسۇن.

— شاھىمىزنىڭ ھىممىتى چەكسىزدۇر، — دەپ ئاۋاز قوشۇشتى ئوردا ئەھلى.

شۇ ئارىدا غۇلاملار چىرايلىق جابدۇندۇرۇلغان 18 ئارغىماقنى قاتار تىزىپ مەسچىتنىڭ ئالدى دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا ھازىر قىلىشتى.

— تالىپلارغا ئىجازەت، بېرىپ ئارغىماقلارغا مىنىڭلار، غۇلاملار سىلەرگە ھەمراھ بولۇپ شەھەرىستاننى ئايلاندۇرىدۇ، — دېدى پەرمانچى.

تالىپلار چىقىپ ھەربىرى بىردىن ئارغىماقنى مىنىپ ئوردىدىن چىقىشتى. خىللانغان ئارغىماقلارنىڭ ئۈستىدىكى قىران يىگىتلەر ئاسماندىن تەڭرىنىڭ نۇرى چۈشكەندەك



شەھەرنى يورۇتۇۋېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا جارچىلار جار سېلىپ بۇغراخاننىڭ ئىلتىپاتىدىن پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ۋاقىپلاندۇراتتى. رەستىلەردىكى ئۆي - ئۆيلەردىن چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش چىقىشىپ ئۇلارنى تاماشا قىلىشتى. ئۆينىڭ دېرىزىلىرىدىن ئۆزلىرىنى تۇزەشتۇرۇپ زوقمەنلىك، ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقان شەھەر قىزلىرىنىڭ جىلۋىگەر سىيماسىنى كۆرگىلى بولاتتى. چۈمپەردە ئىچىدىكى قىزلار خۇددى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇقنى كۆرۈۋاتقاندەك ئىدى.

* * *

بۇ ۋەقە يۇسۇپ بالاساغۇننىڭ ھايات شامىنىڭ شۇنىڭدىن باشلاپ ئوردىدا كۆيۈپ نۇر چاچىدىغانلىقىدىن دالالەت بېرەتتى. يۇسۇپ بۇغراخاننىڭ ئوردىدا قېلىپ ئىشلەش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى سىپايىلىق بىلەن رەت قىلىپ، يازلىق پايتەخت بالاساغۇنغا قايتىش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپ ئۆزرە سورىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ قەشقەر شەھىرىدىن ئايرىلىپ بالاساغۇنغا يۈرۈپ كەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ ئوردۇكەنتتىن كەلگەندىن كېيىن باغداتقا بېرىپ بىرقانچە يىل ئىلىم - تەھسىل قىلغان، كېيىن ئۆي - ئوچاقلىق بولغان. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسى «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدىن روشەن سېزىلىپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ بالاساغۇن ئوردىسىدا ئوردىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن. بۇ

جەرياندا ئۇ ھەر تەرەپتىن تولۇق، مۇكەممەل يېتىلىپ ئاجايىپ زور شۆھرەتلەرنى قازانغانلىقى مەلۇم. بىراق، بىز بۇ كىچىك ئەسەردە بۇ جەريانلارنى يېزىپ ئولتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمىدۇق. 1060 ـ يىللاردىن كېيىن يۇسۇپ بالاساغۇنىنىڭ ھاياتىدا كەسكىن بىر بۇرۇلۇش بولدى. بۇ قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىدىكى بۇرۇلۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ، نەپسانىيەتچى بەگلەر بىلەن بولغان كۆرەش داۋامىدا ئورنىدىن چەتلىتىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى يىغىپ قىممەتلىك ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.



# قاراخانىيلاردا ئاپەت

يۇسۇپ بالاساغۇنىنىڭ ئۆمۈر گۈلشىنى 40 ياز، 40 قىشنى ئۆتكۈزدى. 30 يىللىق ھاياتى ئاساسەن ئىلىم ـ تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتتى. ساجىئە مەدرىسىسىنى پۈتتۈرۈپ بالاساغۇنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن باش دىۋاندا مىرزىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. كېيىن دىۋان بېگى بولۇپ نەچچە يىل جان تىكىپ ئىشلىدى. بۇ مەزگىللەر يۇسۇپنىڭ ھاياتىدا ئانچە زور بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بولمىدى. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ 40 يىلى قاراخانىيلارنىڭ راسا گۈللەنگەن، قۇدرەت تاپقان، چوڭ بىرلىشىش ئەمەلگە ئېشىپ، بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىنى راسا ئىپادىلەۋاتقان دەۋرلەرگە توغرا كەلدى.

1060 ـ يىللاردىن كېيىن قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي ھاياتىدا غايەت زور تەتۈرىگە بۇرۇلۇش يۈز بەردى. قاراخانىيلارنىڭ يۇسۇپ قادىرخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان تارىخىي باسقۇچتا ۋە سۇلايمان ئارسلانخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان تارىخىي مۇساپە ئىچىدە نىسپىي تىنچ ۋە خاتىرجەم ئۆتكۈزگەن ھاياتىغا كېيىنكى دەۋرلەردە خاتىمە بېرىلدى. مىلادىيىنىڭ 1035 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ غەربىي

ئېلىگ خانى ئەلى تېگىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ بۇيرۇقى بىلە ئەلى تېگىننىڭ ئوغلى يۇسۇپ غەربىي ئېلىگ خانى بولدى. لېكىن، مەرھۇم ناسىر ئېلىگ خاننىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەت ئىبنى ناسىر يۇسۇپ ئېلىگ خانغا قارشى باش كۆتۈردى. مۇھەممەت ئىبنى ناسىر مىلادىيىنىڭ 1037 ـ يىلى غەربىي ئېلىگ خانلىقىنىڭ پايتەختى ئۆزكەنتنى ئىگىلىۋالدى. ناسىر ئېلىگ خاننىڭ يەنە بىر ئوغلى ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم 1038 ـ يىلى يۇسۇپ ئېلىگ خاننىڭ قاماقخانىسىدىن قاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم بۆرى تېگىن تېزلىك بىلەن قوشۇن توپلاپ ماۋەرائۇننەھرنى ئەلى تېگىننىڭ ئوغلى يۇسۇپ ئېلىگ خاندىن تارتىۋېلىشقا قەسەم قىلدى. ئىبراھىم بۆرى تېگىن 1040 ـ يىلى بۇخارانى ئىشغال قىلىۋالدى. ئەلى تېگىننىڭ ئىككى ئوغلىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن تالاپەت يېگەن يۇسۇپ ئېلىگ خان ماۋەرائۇننەھرنى تاشلاپ مەركىزىي ئوردۇ قەشقەرگە قېچىپ كېلىۋالدى.

مۇھەممەت ئىبنى ناسىر بىلەن ئىبراھىم بۆرى تېگىنلەر غەربىي ئېلىگ خان تۇرىدىغان ئۆزكەنتتىن پايتەختنى سەمەرقەنتكە يۆتكىدى. ئۇلار كۆرۈنۈشتە مەركىزىي ئوردىغا يەنى سۇلايمان ئارسلانخانغا بويسۇنغاندەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بولۇۋېلىپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى. سۇلايمان ئارسلانخان مۇھەممەت ناسىر بىلەن ئىبراھىم بۆرى تېگىننىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىغا چەك قويۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ئېرتىش، بالقاش بويلىرىدا ئىسيان كۆتۈرگەن ياباقۇلارنى باستۇرۇش



بىلەن بەند بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئاكا ـ ئۇكا ئىبراھىم بۆرى تېگىن بىلەن مۇھەممەد ئىبنى ناسىر بارا ـ بارا كۈچلىنىۋالدى. نەتىجىدە ئۇلار ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ئۆزى بەگ ئۆزى خان بولۇپ، مەركىزىي ھاكىمىيەتكە بويسۇنمىدى. شۇنداق قىلىپ 1040 ـ يىللاردىن كېيىن بىر پۈتۈن قاراخانىيلار دۆلىتى غەربىي قاراخانىيلار ۋە شەرقىي قاراخانىيلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. «ئىككى قوچقار ئىككىشەر، ئارىدا كۆككۈيۈن يەنجىلەر» دېگەن بۇ ھەقىقەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ھېكمەتنى دەل شۇ خەلقنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى يەكۈنلەپ چىققانىدى. پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلىگىلى تۇرغاندا ئادەملەرنىڭ بېشىمۇ تەتۈر چۆرگىلەمدۇ، قانداق؟ شەخسىي ئاتاق، شەخسىي مەنپەئەت، شەخسىي ئۆچمەنلىك تونۇرلىرىغا دۆلەت كاتتىلىرى ئوت ياققان بىلەن چۇچۇلا بولىدىغىنى يەنىلا ئاۋام پۇقرا ئىدى. ئەجەب ئىش ھە، ئادەتتىكى بىر پۇقرا كاللىسىدىن ئېزىپ قالسا، پەقەت ئائىلىسىنى پاراكەندە قىلىش بىلەن چەكلىنىدىكەن، بىراق ئەلنىڭ كاتتىلىرى ئارىسىدىن بىر نەپسانىيەتچى چىقىپ قالسا پۈتۈن ئەلنى قانغا پاتۇرۇشقا يارايدىكەن.

شۇنداق قىلىپ قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشى بىلەن مەركىزىي ئوردۇ قەشقەردە تەخت تالىشىش ئۈچۈن قىلىنغان سۇيىقەستلەر ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىپ خەلققە ئېغىر بالايىئاپەتلەر يۈكلىگەنىدى.

1056 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلار خاقانى سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن ئۇكىسى مۇھەممەت بۇغراخان ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى. ئۇرۇشتا سۇلايمان ئارسلانخان ئەسىر

چۈشتى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. ھاكىمىيەت مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ قولىغا ئۆتتى. مۇھەممەت بۇغراخان يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى بولۇپ، ئۇ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ چوڭ دادىسى بولىدۇ.

مۇھەممەت بۇغراخان خاقان بولۇپ 18 ئاي ئۆتكەندە ئۇ تەختنى چوڭ ئوغلى ھۇسەينگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدى. بارسخاندا ھاكىملىق قىلىۋاتقان ھۇسەينگە ئەلچى ئەۋەتىپ قەشقەرگە تەكلىپ قىلدى. ھۇسەين بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە كەلدى. مۇھەممەت بۇغراخان داغدۇغىلىق تەخت ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بىراق، بۇ خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈلىۋاتقان مۇراسىمنىڭ ئاخىرىنىڭ دەھشەتلىك تراگېدىيەگە يولۇقىدىغانلىقىنى ھېچكىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ كىچىك خانىشى بۇ مۇراسىم ئۈچۈن زەھەرلىك قول سېلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. چۈنكى، كىچىك خانىشتىن بولغان ئىبراھىمنى تەخت ۋارىسى قىلماي، ھۇسەينگە تەختنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىگە قاتتىق ئۆچمەنلىك ساقلىغان خانىش ئوردىدىكى خانغا ئەڭ يېقىن ھەرەم ئاغىسىدىن بىرنى چوڭ ۋەدىلەر بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ، زىياپەت جەريانىدا قول سېلىشقا بۇيرۇدى.

زىياپەت يېرىملىشىپ تازا ئەۋجىگە چىققاندا، پۈتۈن ئوردىدا چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈلدى. ئاسماننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. يەر يېرىلغاندەك، ئاسمان كۆمتۈرۈلگەندەك ھەممە ياق دەھشەتلىك ساراسىمىگە چۈشتى. ھەممە كۆزلەرنى، قاراڭغۇلۇق قاپلىغان



قەلبلەرنى غەپلەت ئەسىر قىلغانىدى. ئوردا ئەھلىنىڭ بەزىلىرى بۇ ياۋۇزلۇقنىڭ زەھەرلىك تىرناقلىرىدا ھالاك قىلىنغان ئەلنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا نېمە قىلارىنى بىلمەي تاڭ قېتىشقان بولسا، بەزىلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ ئۇياندىن بۇيانغا چېپىشاتتى. كۆزلەر ئالاق - جالاق، چىشلار كىرىشكەن، مۇشتلار تۈگۈلگەنىدى. بۇ تەقدىرنىڭ چاقچىقىمىدۇ ياكى قىسمەتنىڭ تەتۈرلۈكىمىدۇ؟ ياق! ياق! بۇ شۇم نىيەت، قەبىھ مەقسەت قوماندانلىق قىلغان ئاسىيلىقنىڭ تراگېدىيىسى ئىدى.

نىيەت، ئۇ ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر. ئۇ ھاياتنىڭ ھەربىر قەدىمىدە، ياشاش مەنزىلىدىكى ھەربىر تىنىقىدا دائىملىق ھەمراھ. نىيەت دۇرۇس، پاك بولسا بۇ ھايات ئېتىكى ئاجايىپ گۈزەللىكى بىلەن ئىنساننى مەست ۋە مەستانە قىلىدۇ، خاتىرجەملىك ۋە بەختكە سايە قىلىدۇ، مۇھەببەتكە، ئىناقلىققا، خاتىرجەملىككە ھەمراھ قىلىدۇ. نىيەت رەزىل نەپسانىيەت زەھىرى بىلەن سۇغىرىلغان بولسا، يا ھەزرەت! ئۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، نېمىدېگەن دەھشەت! بارلىق گۈزەللىكلەر، ياخشىلىقلار ئۇنىڭ ئاستىدا پايمال بولىدۇ، كىشىلەر ھەرگىزمۇ پەلەكنىڭ تەتۈر ئايلىنىشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، ئەپسۇس ۋە مىڭ ئەپسۇسكى، ئەلدە نىيەت بۇزۇلغاندا پەلەكنىڭ تەتۈر ئايلانغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چۈنكى، قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىنسا قىيامەت قايىم بولىدۇ ئەمەسمۇ، قىيامەتتە كۈن شەرقتىن ئەمەس، بەلكى غەربتىن چىقارمىش.

بىر ھازادا ئوردا ياساۋۇللىرى دەھشەت باسقان

زىياپەت مەيدانىغا كىرىپ كېلىشتى. كۆردىكى بۇغراخان باشلىق بىرقانچەيلەن يۇزلىرى كۆكۇرگەن، ئېغىزلىرىدىن قان كەتكەن ھالدا ياتقانىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا سادىق ۋەزىرلەر، شاھزادە ۋە خانزادىلەر، خانىشلارمۇ بار ئىدى. ئۇچىسىغا ساۋۇت، دۇبۇلغا كىيگەن، قوللىرىدا ياراغ تۇتقان ياساۋۇللار كىرىپلا بۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرىدىن نىمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قېلىشقانىدى، شۇ ئەسنادا كىچىك خانىش يۈزىگە چۇمبەل ئارتقان ھالدا ياساۋۇللارغا بۇيرۇق قىلدى:

— نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن، دەرھال قاتىلنى تۇتۇپ، بۇ ئىنتىقامنى ئېلىڭلار، — شۇنى دەپ قورقۇنچتىن ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان يەنە بىر ۋەزىرگە ئىشارە قىلدى.

— ھە توغرا، دەرھال قاتىلنى تۇتۇپ ئىنتىقام ئالايلى، — دېدى خانىشقا سېتىلغان ۋەزىر بىر ئاز جان كىرگەندەك بولۇپ، — ياساۋۇللار! دەرھال ئاش باشنى تۇتۇپ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار، قالغان ئىشنى ئاندىن بىر تەرەپ قىلايلى.

ئۆزىنى قۇربانلىققا تۇتۇپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى ھېس قىلغان ئاش باشى ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، چۇقان كۆتۈرۈشكە باشلىدى:

— مەندە گۇناھ يوق، مەندە گۇناھ يوق، مەن بۇ ئىشنى خانىش. . .

— نېمە قاراپ تۇرۇشىسەن، دەرھال ئېلىپ چىقىپ، كاللىسىنى ئېلىڭلار، — دېدى سىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئالاقزادە بولغان خانىش.

ياساۋۇللار يوپۇرۇلۇپ بېرىپ ئاش باشنى تۇتۇپ،



دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

كۆزلىرى قانغا تولغان جاللات ئاش باشنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاپ جەھەننەمگە يولغا سالدى. بىراق، قاراخانىيلارنىڭ ئوردىسى بۇ دۇنيانىڭ جەھەننىمىگە ئايلاندى. خانىش بۇ قېتىمقى پىلانىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىغاندىن كېيىن، ناھايىتى كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، يۇرتقا نەزىر ئېشى بەردى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوغلى مۇھەممەدنى تەختكە چىقاردى. گەرچە خانىش ئۆزىنىڭ قىلغان شۇملۇقلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن يوشۇردۇم دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش نۇرغۇن ئوردا ئەھلىگە ئىنتايىن شۇبھىلىك بولۇپ تۇيۇلغانىدى. بىراق، ئۇلار بۇ پاجىئەنىڭ سەۋەبىنى قەلب قازنىقىدا ساقلاشقا مەجبۇر بولدى.

ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. قەلبلەر قېتىشقان، يۈرەكلەر مۇزلىغان، ساداقەتمەنلەر ساداقەتنى تەرك ئەتكەن، يامانلار باش كۆتۈرگەنىدى. شۇنداق قىلىپ دۆلەتتە ھۆكۈمەتسىزلىك ئەۋج ئالدى. ئوردىنىڭ ئىشەنچلىك، ئەل سۆيەر، خەلقپەرۋەر ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ئوردا ئىشىدىن ئۆزىنى تارتقان بولسا، بەزىلىرى بېسىم بىلەن چەتلەشتۇرۇلدى. تۆۋەندىكى بەگلەرمۇ كۆرۈنۈشتە ساداقەت كۆرسەتكەندەك تۇرغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ، ئۆز خەزىنىسىنىڭ ئورىسىنى توشقۇزۇشنىڭ كويىغا چۈشۈشكەنىدى. قانۇن - تۈزۈم نەپسانىيەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ قولىدا قونچاققا ئايلانغانىدى. دۆلەت ھارۋىسىنىڭ ئوقى كاردىن چىققاچقا بۇ غايەت زور چاق پۇلاڭشىپ، غىڭشىپ نالە قىلماقتا ئىدى.

# تاغ غارىغا چۈشكەن نۇر

قۇزئوردىنىڭ شىمالىدىن 15 كىلومېتىر كېلىدىغان ئېگىز تاغ ئېتەكلىرىنىڭ بىرى. تاغ چوققىلىرى ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان، تاغ چوققىلىرىدا توپ - توپ بولۇپ تۇرغان بۇلۇت قاتلاملىرى تاغلارغا ئاق لىباس كىيگۈزۈپ قويۇلغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. تاغدىن چۈشكەن قار سۇلىرى جىلغا - جىلغىلاردىن چىقىپ ئېقىن ھاسىل قىلىپ، چەكسىز تاغ ئېتەكلىرىدە ئىلان باغرى سوزۇلۇپ ئاقماقتا ئىدى.

يىراقتىن ئاتلىق بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ سۇنىڭ تېيىززەك يېرىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشتى - دە، ناماز پېشىنىنىڭ قىستاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي، تاھارەت ئېلىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇ نامازنى ناھايىتى ئەستايىدىل ئوقۇپ بولۇپ، يەنە ئاتقا مىنىپ يولىغا راۋان بولدى. ئۇ يىراق - يىراقلارغا نەزەر سېلىپ ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىلاتتى: «ھەي يۇسۇپ سەن ھەرگىزمۇ بۇ ئازغۇن يولغا كىرمە. ئى ھەققى نازىل قىلغۇچى پەرۋەردىگارىم، بەندىلىرىڭنى ئازغۇنلۇقتىن قايتۇرغايسەن. مېنىڭ يولنى خاتا تاللاپ ئازغۇنلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالماسلىقىمغا پاناھ بولغايسەن. قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىنسا قىيامەت قايىم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ توغرا ھەق يولنى تونۇۋېلىشىغا توغرا نىشان كۆرسەتكەيسەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ



ئادىمىيلىك قىممىتىنى تەركىدۇنيالىق يولىنى تۇتۇش بىلەن نابۇت قىلمىسۇن، ئەقىل - ئىدراكنى غاپىللىق بىلەن خار قىلمىسۇن. . .» ئۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئېتىغا قامچا ئۇردى.

ئوتتۇرا ياشلاردىكى بۇ قىران ئەر بالاساغۇنلۇق يۇسۇپ ئىدى. قىرىق نەچچە يىللىق ھايات مۇساپىسى ئۇنىڭغا ئاجايىپ بۈيۈك ھېكمەتلەرنى ئاتا قىلغانىدى. زامانىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئۆزگىرىشلىرى، ئوردىدىكى بوران - چاپقۇنلارمۇ بۇ ئوغلاننىڭ ياشاشقا بولغان ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىغان، كۆرەشچان روھىنى بويسۇندۇرالمىغانىدى. مانا بۇ ياشقا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن ئەمەس، ئەمدى بىر خىل سېھرىي ئوت يالقۇنجاۋاتقاندەك جاسارەتنىڭ ئىپادىسىنى كۆرگىلى بولاتتى. يارىشىملىق ساقال - بۇرۇتلىرى مەڭزىدىكى نۇرنى تېخىمۇ تەپچىتىپ تۇراتتى. بۇ نۇر ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد نۇرى بىلەن ئىلىمنىڭ خاسىيىتىدىن ئوقچۇغان نۇر ئىدى. ئۈمىدلىك ۋە ئىلىملىك كىشىلەر ھەرقاچان ئاشۇنداق نۇرغا كۆمۈلۈپ تۇرىدۇ. نەدە ئۈمىدسىزلىك، نەدە نادانلىق بولىدىكەن شۇ يەردە نۇر ئورنىنى خۇنۇكلۈك، خارابىلىك، زەئىپلىك ئىگىلەيدۇ.

قاراخانىيلاردا ئىككى ئاپەت يىلتىزى بىخ سۈرۈشكە باشلىغانىدى. بىرى، يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھاكىمىيەتنىڭ قانۇنسىز ئالمىشىشى، يۇقىرى - تۆۋەن ئەمەلدارلارنىڭ ساداقىتىنى سۇسلاشتۇردى. قانۇنسىزلىق، زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىك خەلققە ئېغىر ئاپەت بولدى. مانا شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەلدە

بۇزۇقچىلىق، گۇناھلىق ئىشلار يامراپ كەتتى. بۇ خىل تەتۈر يۈزلىنىشتە قاراخانىيلاردا پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن باش كۆتۈرۈشكە پۇرسەت تاپالمايۋاتقان تەركىدۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان تەسەۋۋۇپ ئىدىيىۋى ئېقىمى ئۆزىنىڭ كەڭ كۆلەمدىكى تەشۋىقاتى بىلەن ھاياتلىققا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ گۇناھلىق دۇنيادىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ خىلۋەتتە تەركىدۇنيالىق بىلەن ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ھۆكۈمەت ئىچىدە بولۇۋاتقان قانۇنسىزلىقلار، جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ھەر خىل گۇناھلىق ئىشلار ئۇلارنىڭ تەرغىباتلىرى ئۈچۈن ئوبدانلا باھانە بولۇپ بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن مۇرىتلار ئارقا - ئارقىدىن بۇ ئېقىمغا ئەگەشتى. ئۇلارنىڭ قولى، ھەتتا ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلىششىقىچە سوزۇلدى. ئەسلىدە قاراخانىيلارنىڭ قانۇن - تۈزۈمىدە سەئىد ئەۋلادلىرىغا ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشى چەكلەنگەنىدى. بىراق، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغىمۇ قول سېلىشقا ئۇرۇندى. بەزى ئوردا ئەمەلدارلىرىمۇ سەئىدلەرنىڭ خاتا تەرغىباتلىرىغا ئەسىر بولۇپ، ئوردىنى تاشلاپ، تاغ ماكانلىرىنى ماكان تۇتۇپ، ئىستىقامەت بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى.

يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ بۇ سەپىرى قۇزئوردىنىڭ ئىستىبداتلىق يابغۇسى، تەقۋادار قاياشى توغرۇل ئەرۇگقاشنى زىيارەت قىلىپ كېلىشى ئىدى. ئۇ كىشى بەش يىلدىن بېرى ئوردىنى تاشلاپ، ھاياتلىقتىن يۈز



ئۆرۈپ، تەركىدۇنيالىق يولىنى تۇتقان بۇرادىرى ئىدى. يۈسۈپ بالاساغۇنى يىلدا بىرقانچە قېتىم كېلىپ ئۇنى زىيارەت قىلىپ كېتەتتى. گەرچە بۇ ئىككى زاتنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش، تەركىدۇنيالىق، ھاياتلىق ۋە ماماتلىق، ساۋاب ۋە گۇناھ توغرىسىدىكى مەسىلىلەردە ئىختىلاپى بولسىمۇ ماھىيەتلىك بىر مەسىلىدە يەنى ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىش، ئۇنى خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە نىيەت بىر يەردىن چىقاتتى.

تەركىدۇنيالىق يولىنى تۇتقان توغرۇل ئوروگقاشى ئىلىم - ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن، ئەخلاق - پەزىلەتتە يۈكسەك ھۆرمەت قازانغان خەلقپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇ قۇزئوردىدا يابغۇ ئەمەلى بىلەن قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى قىلغانىدى. ئۇ دۆلەتنى روناق تاپتۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىش ھەققىدە ناھايىتى ئورۇنلۇق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خانىنىڭمۇ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. قاراخانىيلارنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى، ھاكىمىيەت ئىچىدە يۈز بەرگەن ئۆزئارا قىرغىنچىلىق، بىر - بىرىنى قەستلەش قاتارلىق ئاپەتلەر توغرۇل ئوروگقاشىغا قاتتىق تەسىر قىلدى. كېيىن تەختكە چىققان خاقانلار ئۆزىگە خۇشامەت قىلىدىغان، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئېتىقادارسىز كىشىلەرنى يېنىغا تارتتى، ئوردىدا يامانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ياخشىلارغا كۈن بولمىدى. خان قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتلەرگە كۆپرەك قۇلاق سېلىپ، ھەقىقىي تۆھپىكار

كىشىلەرگە يۈزىنى ئۆرىدى. تەمەخورلۇق، ياللاقچىلىقنى جان بېقىشنىڭ قورالى قىلىۋالغان مەنسەپپەرەس بەگلەر پىتنە - پاسات ئۇرۇقىنى تېرىپ شاھنىمۇ ھەق بىلەن ناھەق، ساختىلىق بىلەن ھەققانىيلىق، راست بىلەن يالغان ئارىسىدا گاڭگىرىتىپ قويۇشقانىدى.

9 - ئايلارنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى: مۇھەممەد بۇغراخان كىچىك خانىشنىڭ سۈيىقەستىدىن كېيىن تەختتە ئولتۇرۇپ، تۈنجى قېتىم قۇزئوردىغا كەلدى. بۈگۈن ئوردا قوبۇلخانىسىدا ئەمىر بەگلەرنى قوبۇل قىلىپ، كۆرۈنۈشتە ئۇلاردىن مەلۇمات ئالماقچى، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئەمىر بەگلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتى، ھۆرمىتى ۋە ئىنكاسىنى بىلىپ باقماقچى ئىدى.

شاھانە تون كىيگەن مۇھەممەد بۇغراخان ناھايىتى سالاپەتلىك ۋە دەھشەتلىك ئىدى. بىراق، كۆزى بىرئاز كىچىك، ئىككى مۇرىسى تارراق ئىدى. شۇڭا، ئۇچىسىدىكى يىپەك شاھانە تون تازا يارىشىپ كەتمىگەندەك ئىدى، ئۆزىدىكى مەن - مەنمەنچىلىك ۋە تەكەببۇرلۇق، ئۇنىڭ نەزەرىنى تارلاشتۇرغانىدى. ئۇ خۇشامەتكە كۆپرەك ئەل بولۇپ، توغرىراق پىكىرلەرگە ئۇركۇش بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

قوبۇلخانىدا يۇقىرى - تۆۋەن بەگلەر ئورۇن مەرتىۋىسى بويىچە ئىككى سەپ بولۇپ تۇرۇشقانىدى. مۇھەممەد بۇغراخان قولىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا نەقىشلىك شاھانە ئۆتۈكى بىلەن زىلچا ئۈستىگە مەغرۇر دەسسەپ بەگلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەمىر بەگلەر!



— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋەرەھمۇتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ ئالىيلىرى. بايات[1] سەلتەنەتلىرىنى مەڭگۈ يۆلىسۇن.

ئەمىر بەگلەرنىڭ قول باغلاپ قىلغان سالىمىنىڭ ئايىغى چۈشكۈچە مۇھەممەد بۇغراخان كۇرسىغا بېرىپ بولدى ۋە بەگلەرنى ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى.

بۇغراخانغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن پەرمانچى بەگ، بۇغراخاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇپ، بۇغراخانغا بىرئاز مەدھىيە سۆزلىرىنى قىلغاندىن كېيىن، بۇغراخاننىڭ بۇ نۆۋەتتىكى قۇزئوردىغا كېلىشىدىكى مۇددىئاسىنى بىلدۈردى.

— جانابىي ئەمىر بەگلەر، تەڭرىتائالانىڭ رەھمىتى بىلەن ئۇلۇغ بۇغراخان ئېلىمىزگە بەخت ۋە ئامەت ئېلىپ كەلدى، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت بىلەن ئەل سوراپ ئەلگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلدى. خانىمىز مېھرىبان ھەم قەھرلىك، ياخشىلارغا مېھىر - شەپقەتلىك، يامانلارغا قەھر - غەزەپلىك، ئالىيلىرى ئۇلۇغ خاقانلىرىمىز ئالىپ ئەرتوڭا، ئوغۇزخانلاردەك شىجائەتلىك ۋە پاراسەتلىك، خاقانىمىز ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ ئەلنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىدۇ، تۆھپىكارلارغا بۇغراخاننىڭ مەرھەمىتى چوڭدۇر. بۇ قېتىم ئالىيلىرى ھەرقايسى ئەمىر بەگلەردىن ئەلنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئىگىلىگىلى، تەكلىپ پىكىرلىرىنى ۋە مەلۇماتلىرىنى ئاڭلىغىلى كەلدى.

---

[1] بايات — ئاللا، خۇدا.

ھەرقانداق پىكىر - تەكلىپلەر بولسا ئوتتۇرىغا قويۇشۇڭلارغا ئىجازەت.

بەگلەر مەدھىيە ۋە خۇشامەت سۆزلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى، بىرەر ئىغىزمۇ ئەمەلىي تەكلىپ ۋە تەلەپلەر قويۇلمىدى. بۇغراخان بولسا مەمنۇنىيەت بىلەن مۇبارەك بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتىپ قوياتتى. كىشىلەر ئارىسىدا «ئەڭ چوڭ مەستلىك غەپلەتتىدۇر» دېگەن گەپ بار ئىدى، ماختاشمۇ ئادەمنى مەست قىلالايدىكەن ئەمەسمۇ؟! مەستلىكتە ئادەمنىڭ سەزگۈرلۈكى ئىشىپ كېتىدۇ، ئازراق زىتىغا تېگىدىغان گەپ سۆزلەر سەۋدايىلىقىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بۇغراخاننىڭ سەۋدايىلىقى قوزغالسا، ئۇنى كىممۇ توسۇپ قالالىسۇن؟!

قوبۇلخاننىڭ ئوڭ سېپىنىڭ ئۈچىنچى ئورنىدا ئولتۇرغان يۇسۇپ بالاساغۇنى بۇ خىل كەيپىياتتىن ئەپسۇسلۇق بىلەن ئىچىگە تىنىشقا مەجبۇر ئىدى. گەرچە ئۇنىڭغا دۆلەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بەش قولدەك ئايان بولسىمۇ، كۆڭۈل قېتىدا ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمەيۋاتقان نۇرغۇن تەشۋىشلىك ئويلار كۆمۈلۈپ ياتقان، ئەتراپىدا قۇللۇق بىلدۇرۇپ مەدھىيە ئالقىش ياغدۇرۇپ ساداقىتىنى ئىپادىلەۋاتقان بەگلەرنىڭ ئارىسىدىكى ساداقەتسىزلىكلەرنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ سورۇندا ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى، تەلەپ ۋە تەكلىپلىرىنى بىرىشنىڭ تازا مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. خۇشامەت ۋە ماختاشقا ئەسىر بولغان شاھقا كۆڭۈلدىكى ئەمەلىي گەپنى قىلىپ نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايتتى، بەلكى بۇنداق چاغدىكى ھەققانىي تەلەپ ئەكسىچە تەسىر پەيدا قىلاتتى، بولۇپمۇ



خۇشامەتچى بەگلەر دەرھاللا گەپنىڭ بىلىگە تېپىپ، ئىشنى تەتۈرىگە بۇراپ شاھنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

سەپنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان توغرۇل ئەرۇڭقاشى مەركىزىي ئوردىنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى سۈپىتىدە بالاساغۇندىكى ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇ رېئاللىقتا كۆز يۇمۇشقا، خەلقنىڭ ئاھۇ زارىنى دائىم ئىچىگە يۇتۇپ يۇرۇشكە تاقەت قىلىپ يۇرۇشتىن، بەزى ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلدى، بەلكىم ئۆزىنى بۇ سورۇندا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەرقانداقىدىن ھەقلىق ھېسابلىغان بولسا كېرەك، ئۆزىنى باسالماي تەۋازۇ بىلەن ئورنىدىن تۇردى - دە، بىر ئاز ھاياجان بىلەن سۆز ئاچتى:

— ئېلىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، خەلقىمىزنىڭ باشپاناھى ئالىيلىرى، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تەكەللۇپ بىلەن شاھقا يۈزلەندى، — بارلىق ھەمدۇسانالار ئۇلۇغ ئاللاغا بولسۇنكى، ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئالىيلىرىنى خاقانلىقىمىزنىڭ مۇبارەك تەختىگە ئولتۇرغۇزدى، ئەلنىڭ تەقدىر ۋە قىسمەتلىرىنى شاھىمىزنىڭ ئادالەت بىلەن ئۇڭشىشىغا تاپشۇردى، شاھىمىز بۇ يولدا زور تىرىشچانلىقلارنى قىلىپ ئەلنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم، تۇرمۇشىنى پاراۋان قىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ مۇبارەك قەدەملىرىنى بۇ دىيارغا قويدىلا. شاھ ھۇزۇرىدا راست گەپتىن باشقىنى قىلىش ئاللانىڭ ئىرادىسىگىمۇ، شاھىمىزنىڭ خاھىشىغىمۇ مۇخالىپ ئىشتۇر — توغرۇلنىڭ ئېغىزىدىن چىققان «راست گەپ» ئەمىر بەگلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلغىلى تۇردى،

ئۇلارنىڭ گەۋدىلىرى ئىختىيارسىز تەۋرىنىپ كەتتى، ئۇلار بىر-بىرىگە سىرلىق بېقىشىپ، خۇددى يوشۇرۇن سىرلىرى ئاشكارىلىنىپ قالىدىغاندەك جىددىيلىشىپ قېلىشتى. يۇسۇپ بالاساغۇنى بۇ سىرلىق كەيپىياتتىن بىر خىل يوشۇرۇن تەھدىتنى سەزگەندەك بولدى-دە، مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ كەيپىياتىغا سەپسالدى. توغرۇل ئەروڭقاشى مەرھۇم خان ئۆزى قويغان يابغو ئىدى. شۇ سەۋەبلىكمۇ توغرۇلنى كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ بىلەتتى، شۇڭىمۇ بىرەر ۋاستە بىلەن بۇ مىخنى قومۇرۇۋېتىش شاھنىڭ خاھىشىدىكى ئىش ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ تەختكە چىقىپ، قىلغان بىرىنچى ئىشى مەرھۇم خاننىڭ ئىلگىرىكى سادىق ھىمايىچىلىرىنى ئورنىدىن قوزغىتىش بولغانىدى. بۇ ئىشتا مەرھۇم خاننىڭ كىچىك خانىشى ئاكتىپ رول ئويناۋاتاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا توغرۇل يابغونىڭ «راست» گېپى شاھنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىشتىن كۆرە، ئوغىسىنى قايىنىتىپ قويۇشى مۇقەررەر ئىدى، شۇڭا يۇسۇپ بالاساغۇنى ئىچىدە «ئاپلا» دەپلا قالدى. چۈنكى، مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ توغرۇلنىڭ شۇنچە تەۋازۇ، ھۆرمەت-ئېھتىرام ۋە ئېھتىيات بىلەن باشلىغان سۆزىگە ئېرەنشىمەسلىك ۋە مەنسىتمەسلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئېغىزلىرىنى مايماقلاشتۇرۇپ، بۇرۇتلىرىنى ئىككى بارمىقىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈپ مەغرۇر سىلاپ قويۇشلىرىدىن سېزىلىپ تۇراتتى. توغرۇل يابغو بىرئاز توختىۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ يىل ھەربىر تۈتۈن بېشىغا چېچىلغان سېلىق گەرچە ھەر



يىلدىكىدىن كۆپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئوردىغا ئەۋەتىلگەن ئەمەلىي سان ھەر يىلدىكىدىن تۆۋەن بولدى. سېلىق ئەمەلىيەتتە تارىقچى ۋە چارۋىچىلاردىن تولۇق يىغىلغان بولسىمۇ، لېكىن چوڭ يەر ئىگىلىرى ۋە چارۋىدارلاردىن ئەسلىي تۆلەشكە تېگىشلىك باج-سېلىقنىڭ يېرىمىمۇ ئېلىنمىدى. باج-سېلىقنىڭ چېچىلىشى مۇۋاپىق بولمىدى. ئۇ ھەربىر تۈتۈنگە تەڭ چېچىلغاندا بەزى تارىقچىلاردا جاندىن باشقا نەرسە يوق. شۇڭا باج-سېلىق جان بېشىغا ئەمەس، بەلكى يەر بېشىغا، چارۋا بېشىغا چېچىلسا ئاندىن مۇۋاپىق بولاتتى. يەر ۋە چارۋىنىڭ 90 پىرسەنتى يۇرت بايلىرى، يۇرت كاتتىلىرى ۋە بەگلەرنىڭ قولىدا. ئەگەر ئۇلار ئاتقا، تۆگىگە ئارتىشقا تېگىشلىك يۈكنى ئېشەككە ئارتىپ قويسا، ئېشەك بۇ يۈكنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ ھالاك بولىدۇ. ئالىيلىرىنىڭ بۇ ئىش خۇسۇسىدا پەرمان چۈشۈرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

— بەس! — مۇھەممەد بۇغراخان دېگەندەكلا ئېرىكتى، — سىز يۇرت كاتتىلىرىغا تىل تەگكۈزۈۋاتىسىز، ئۇلارنىڭ ئۆلىنى كولاش دۆلەتنىڭ ئۆلىنى كولىغانلىق بولىدۇ. ھەر ئىشنىڭ قائىدە-يوسۇنى بولىدۇ، پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىيىتىدىن قېچىشقا ئاساسى يوق. توغرۇل يابغۇ، قارىغاندا بۇ يەردە بىرئاز بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالغان ئوخشايسىز، مەن بىلەن قەشقەرگە قايتىڭ، شۇ يەردە سىزگە مۇۋاپىق ئورۇن بېرىمەن.

مانا شۇ قېتىمقى قوبۇلدىن كېيىن، يابغۇ توغرۇل ئەروڭقاشى ئوردىدا كۆرۈنمىدى. يۇسۇپ بالاساغۇنى بىلەن پىكىر ۋە نىيەتلىرى بىر يەردىن چىققانىدى، بىراق بۇ

نۆۋەت ئۇ ھېچكىمگە بىلدۈرمەستىن تېپتىنچ ئۆزىنى بۇ ھاياتتىن چەتكە ئالغانىدى.

* * *

توغرۇل ئەرۇڭقاشى، ئوردىدىن باش ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، تونۇلغان تەسەۋۋۇپچى، ئۇستازى كۆل بەگنى پاناھ تارتىپ، كۆل بەگ ئىستىقامەت قىلىۋاتقان تاغقا باردى. كۆل بەگ بۇ چاغدا ياشىنىپ قالغان بولۇپ، قول ئاستىدا خېلى كۆپ مۇرىتلىرى بار ئىدى. كۆل بەگ ئۆز ئىشلىرىنى توغرۇل ئەرۇڭقاشىغا تاپشۇرۇپ، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئۇنىڭ تەسىرى توغرۇلنىڭ روھى دۇنياسىدا چوڭقۇر ئىزنالارنى قالدۇرغانىدى. گەرچە تەركىدۇنيالىق يولىنى تۇتۇپ، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنى، ئەل - يۇرتنى تاشلاپ، بۇ خىلۋەت جايدا ئىستىقامەت قىلىش ئۇنىڭ ئىرادىسى بولمىسىمۇ، لېكىن دۆلەتنىڭ ھازىرقى چېچىلاڭغۇ، گۇناھ بىلەن توشقان ئازغۇنلۇقلىرىغا شاھىت بولۇپ قېلىشنى خالىمايتتى. گۇناھقا شاھىد بولۇش ئەمەس، بەلكى ئۇنى توسۇش دۇرۇس ئىدى، بىراق ئۇنى توسۇشقا قۇربىتى يەتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ جىسمى تاغ غارىدا بولسىمۇ، روھى ئاللاغا ۋە ئەلگە باغلانغانىدى.

يۇسۇپ بالاساغۇنى يول ئىزدەيتتى، ئادەم ئىزدەيتتى، سىرداش ئىزدەيتتى، توغرۇل بىلەن سىرداشقاندا ئۆزىنى ئېغىر گۇناھقا پاتقاندەك ھېس قىلاتتى، بىراق توغرۇلنىڭ تەسەللىسى ئۇنىڭغا يەنە ئاراملىق بېرىش رولىنىمۇ



ئوينايتتى. يۇسۇپ يەنىلا تېڭىرقاقلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان، كۈندۈزىمۇ خاتىرجەملىك يوق ئىدى. ئۇ ھاياتىنى بۇرۇقتۇملۇق بىلەن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئەتراپىدىكى كىشىلەردە بولسا ئىزتىراپ، تېڭىرقاش، توغرا يول باشچى تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغانىدى.

دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە، خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالىغا مەلھەم بولالىغۇدەك بىرەر يولباشچى چىقسا بولاتتى. . . دەپ خۇرسىناتتى. ئۇ ئەلدە ھالاللىق، پاكلىق ئازلاپ، شەخسىيەتچىلىك، نەپسانىيەت ئۇستۇنلۈك ئالغاچقا، ھالال، پاك ئادەملەرنى تاپسا كۆزىگە سۈرتكۈدەك بولاتتى. مەنىۋى جەھەتتىكى چاڭقاش ئۇنىڭ روھىدا ئاجايىپ تۇيغۇلارنى ئويغاتتى:

قوپاي مەن، ماڭاي مەن، جاھاننى كېزەي مەن،
جاھاندا ۋاپالىق ئىرۇركىم، تاپاي مەن.

كىشى قىسلىغى بولدى، ئىستەي قەيەردىن؟
تىلەپ تاپقىلى بولسا ئىستەپ كۆرەي مەن.

ئەگەر تاپسام ئەردى ۋاپالىق سىخىي ئەر،
يۈدۈپ ئۇنى يەلكەمدە، كۆزگە سۈرەي مەن.

يۇسۇپ يەنىلا يول ئىزدىمەكتە، قاراخانىيلارنىڭ بۇزۇلغان ئىجتىمائىي قورغىنى ئۈچۈن مەنىۋى تېرەك ئاختۇرماقتا. بۇ يولدا ئۇ ئۆمۈر بوستانىنى قۇرۇتۇشقىمۇ بەل باغلىغانىدى. تاغلار كېزىپ، داۋانلار ئاشسىمۇ،

ئۇنىڭ تەپەككۇر دۇلدۇلى ۋەتەن تۇپرىقىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا ئىز قالدۇرماقتا. ئۇ بۈگۈن يەنە بىر مەنىۋى قورغانغا جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن بۇ تاغ غارىغا كەلدى.

تاغ ئۆڭكۈرىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قويۇلغان تاش ئورۇندۇقتا يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، چاچ - ساقىلى يېرىم ئاقارغان، ئۇچىسىغا خېلى كۆپ يېرىگە ياماق سېلىنغان تون چاپان كىيگەن بىر زاھىت ئالدىغا قويۇلغان «قۇرئان كەرىم» گە تىكىلىپ بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە داجىپ زىكىر قىلىۋاتاتتى. نېرىدىن كېلىۋاتقان ئاتلىق كىشى ئۆڭكۈرگە يېقىنلاشقاندا، ئۆڭكۈردىن 50 مېتىردەك يىراقلىقتىكى ئېقىندىن ئۈزۈك بىلەن سۇ ئېلىپ كېلىۋاتقان زاھىت يىگىت ئاتلىق كېلىۋاتقان يۈسۈپكە قىزىقىپ قارىدى. ئۇ كىشىنىڭ ئۆتكەندە بىرقانچە قېتىم كېلىپ ئۇستازى بىلەن پاراڭلىشىپ كەتكەن مۆتىۋەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ، سالام بەردى ۋە: «ئۇستازىمنى ئىزدەمسىز» دەپ ئاتنى يېتىلەپ كېلىپ، ئۇستازىنى ئىشارە قىلدى.

يۈسۈپ بالاساغۇنى تۇغرۇل ئەرۇغقاشىغا 30 مېتىردەك قالغاندا ئاتتىن چۈشتى. تۇغرۇل يۈسۈپنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ يۈسۈپنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. تۇغرۇل يۈسۈپنى ئۆڭكۈر ئىچىگە باشلىدى.

ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى يۈسۈپ ئۈچۈن تونۇشلۇق ئىدى. ئۆڭكۈر خېلى كەڭ، ئۇ يەر، بۇ يەرگە تاش ئورۇندۇقلار قويۇلغان، تاش ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە كىيىك، جەرەن



ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى سېلىنچا قىلىنغانىدى. يەرنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە خېلى كۆپ سېلىنچا تېرىلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، تاغدىن ئويۇپ چىقىرىلغان تەكچىدە ياغاچتىن ئويۇلغان بىر قانچە چۆچەكلەر، يەنە بىر تەرەپتىكى تاش ئويۇقتا خېلى كۆپ كىتابلار تىزىقلىق ئىدى. يۈسۈپ تېرە سېلىنچىلارنىڭ بىر ئاز كۆپىيىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تاغقا چىقىۋاتقان زاھىتلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

تۇغرۇل ئەرۇغقاشى يۈسۈپ بالاساغۇننى تاش سۇپىغا باشلىدى. تۇغرۇل ئەرۇغقاشى قولىدىكى تەسۋىنى رەھلىنىڭ ئۈستىدىكى «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۈستىگە قويۇپ يۈسۈپ بىلەن يۈزمۇيۈز يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئۇلار ئۇزۇن يىل بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشمىگەن دىلكەشلەردەك بىر - بىرىگە تويماي قارىشاتتى، كۆزلىرىدىن بىر - بىرىگە بولغان مېھرىبانلىق ۋە سۆيۈنۈشنىڭ جىلۋىسى چاقنايتتى. تۇغرۇل ئەرۇغقاشى سالام - سەھەتتىن كېيىن ئەل - يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى ئاندىن يۈسۈپ بالاساغۇننىڭ كۆڭلىرىنىڭ قانداق ئۆتىۋاتقانلىقىنى سورىدى.

— ئەل - يۇرت سىزنى ھەرقاچان ئەسلەپ تۇرىۋاتىدۇ، ئۇلار سىز بىلەن دىدارلىشىشنى، سىز بىلەن بىرگە ياشاشنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ. مەن بۇ نۆۋەت بىرىنچىدىن سىزنى سېغىنىپ دىلكەش ئىزدەپ كەلدىم، يەنە بىرى ئەلنىڭ سالىمىنى ۋە ئىلتىجاسىنى ئېلىپ كەلدىم. ئاللاغا مىڭ مەرتىۋە شۈكرىنكى، ساق - سالامەت تۇرۇپسىز، تىنچ - ئامان كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولدى.

سىزنى كۆرۈپ قەلبىم روشەنلەشتى. ئۆزىڭىز يالغۇز بۇ تاغدا ئېغىر يۈك يۈدۈپ رىيازەت چېكىۋاتىسىز، بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق، دوست - بۇرادەرسىز، ئەل جامائەتسىز، ئۇرۇق - تۇغقانلارسىز دەرمانسىز ياشاۋاتىسىز. بۇ ئەھۋالىڭىزنى ئويلاپ ھەرقاچان ئىچىمدا سىزنىڭ سىمايىڭىز، كەچلىرىمۇ چۈشۈمدە سىز ھەرقاچان ھەمراھ. بۇرادەرلەرمۇ سىزنى ئەسلەپ كۆپ قايغۇرىدۇ، ئويلاپ بېقىڭ، يەككە - يېگانىلىك پەقەت ئاللاغىلا خاستۇر. ئادەم ئەل جامائەتتىن ئايرىلسا ياشىيالمايدۇ...

— سۆزلىرىڭىزنى ئۇقتۇم، — دېدى توغرۇل ئەرۆڭقاشى جاۋاب بېرىپ، — ئەل يۇرتنىڭ ئامانلىقى، خاتىرجەملىكى مېنىڭمۇ ئەڭ چوڭ تىلىكىم، ئاللا ئۇلارنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. سىزمۇ بىلىسىز، بۇ يەر مېنىڭ ئېتىقادىم ئۈچۈنمۇ، ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ مۇناسىپ كۆرۈندى. قولۇم قىسقا، تىلىم كېكەچ، پۇتۇم كىشەنلەنگەن. مەن ئەل - يۇرت ئۈچۈن قانچىلىك ئىش قىلىپ بېرەلىشىم مۇمكىن. گۇناھقا شېرىك بولۇپ قېلىشتىن، قۇرۇق غەيۋەت - شىكايەتتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ئەلدىن ئايرىلىپ بۇ يەردە تۇرۇۋېتىمەن. ماڭا ئاللانىڭ يادى ھەمراھ. گەرچە خەلق مەندىن پايدا - مەنپەئەت كۆرمىسىمۇ، لېكىن مەندىن ئۇلارغا زىيانمۇ تەگمەيدۇ.

— قەدىرلىك بۇرادەر، مېنىڭمۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بېقىڭ، — دېدى يۈسۈپ بالاساغۇنى، — مەن سىزنىڭ كىمنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن. قارىماققا دېگەن سۆزلىرىڭىز ئورۇنلۇقتەك قىلغان بىلەن،



ئۇ بىر باھانە. قالغان كۆڭۈلنى تىرىلدۈرمەك مۈشكۈل، قەلبكە سانچىلغان رەنج تىكىنىنى سۇغۇرىۋېتىش تېخىمۇ تەس. بىراق ئەلدە نېمە گۇناھ، ئەلنى رەنجىتىشتىن نېمە پايدا. ئادەم دېگەن ياخشىلىقنىڭ بەندىسىغۇ، ياخشىلىق دېگەن تىرىكلىكنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ؟! تىرىكلىكتە ئەل ئۈچۈن ھېچقانداق مەنپەئەتنىڭ نىشانى كۆرۈنمىسە، ھاياتلىقنىڭ قانداقمۇ نىشانى بولسۇن. سىز يالغۇز ئۆتسەم قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن خالىي بولىدىكەنمەن، گۇناھقا شېرىك بولمايدىكەنمەن دەۋاتىسىز. ئۆزىڭىزدىن ئۆتمىگەن گۇناھ ئۈچۈن قانداقمۇ گۇناھكار بولىسىز، ئۆزگە ئىشەنگەن، توغرا يول تۇتقان ئادەم قانداقمۇ باشقىلارنىڭ گۇناھىغا شېرىك بولۇپ قالسۇن؟! ئاللانىڭ بەندىسىگە بۇيرۇغىنى ئەل بىلەن بىرگە ياشاپ، تىلنى ئوبدان كۆزىتىپ، يىرىك سۆزگە سىلىق جاۋاب بېرىش، يامانلىق ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشتۇر. بىز ئون يىل ئىلىم - تەھسىل قىلدۇق. بۇ ئەلۋەتتە ئەلنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟! زالىم زۇلۇم قىلسا ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىش زالىمغا يانتاياق بولۇش دېگەن گەپ. دۆلەت يالغۇز شاھنىڭ دۆلىتى ئەمەس، ئۇ پۈتۈن ئاۋامنىڭ دۆلىتى، ھېچقانداق شاھ ئۆزى يەككە - يېگانە دۆلەت باشقۇرالىغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈچۈن قابىل ياردەمچىلەر كېرەك. ئەل دېگەن تەڭرىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىغا تاپشۇرغان ئامانىتى، ئەلنى رازى قىلماي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ تەڭرىنى رازى قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئەلنىڭ ئىشىنى تەرك ئېتىش تەڭرىنىڭ ئىشىنى تەرك ئېتىشتۇر. ئەسلىي ماھىيەتتىن قارىغاندا بۇ دۇنيانى

سۆيۈش، ئەل ئۈچۈن كۆيۈش، ئەلنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جان تىكىش ئەڭ كاتتا ئىبادەت بولىدۇ. ئۆز ئېلى ئۈچۈن ھېچقانداق مەنپەئەتى تەگمىگەن، قۇرۇق ئىبادەتكىلا تەمەننا قويۇپ ئاخىرەتلىكىنى ئىزدىگەن بەندىنىڭ قىلغان ئىبادىتى تەڭرى دەرگاھىدا مەقبۇل ئەمەس. سىز بۇ قانۇنىيەتلەرنى ياخشى بىلىسىز، توغرۇل، ئادەم ياشاش ئۈچۈنمۇ، تەڭرىگە بولغان قۇللۇقنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈنمۇ مېھنەت قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. مېھنەتسىز خاتىرجەملىكمۇ، پاك ئىبادەتمۇ بولمايدۇ، ھاياتلىقمۇ بولمايدۇ. خاتىرجەملىك بولمىسا، ھاياتلىق كاپالەتكە ئىگە بولمىسا ئىبادەتمۇ بەرقارار بولمايدۇ. ئەگەر ھەممە ئادەم تەڭرى يولىنى تەركىدۇنيالىقتىن ئىزدىسە ھاياتلىقنىڭ يىلتىزى قۇرۇيدۇ، بۇ ئاللا كۈتكەن ئىرادە ئەمەس، ئەكسىچە ئاللا ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ خىيانەت بولۇپ قالىدۇ.

يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ تەلەپپۇزى بارا - بارا تېخىمۇ كەسكىن ۋە جىددىي تۈس ئالماقتا ئىدى. ئارىدا بولۇۋاتقان مۇنازىرە مۇرەسسەسىز ھالدا نەچچە سائەت داۋاملاشتى. بىر ھازادا ئارپا ئۇنىدا ئېتىلگەن سۇيۇق ئۇماچ چۆچەكلەرگە ئېلىنىپ يۈسۈپ بالاساغۇنى بىلەن توغرۇلنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. بۇ ئۇماچ بىر بېشارەت بولۇپ، تەقۋادارلىق يولىغا كىرگەن كىشى ئۈچۈن دۇنيانىڭ مەئىشىتىگە ئۆزىنى بۇزۇش جائىز ئەمەس، دېگەنلىك ئىدى.

— جانابىنىڭ بۇ يولنى تۇتۇشتا ئىرادىسىنىڭ چىڭ ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم، — دېدى يۈسۈپ بالاساغۇنى چۆچەكتە تارتىلغان ئارپا ئۇمىچىنى قولىغا ئېلىپ، — ئادەم



زۆرۈر تېپىلغاندا ھەرقانداق مۇشەققەتلەرگە ئۆزىنى بېغىشلاش مۇمكىن.

— بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى مۇشەققەتلەرگە دۇچار قىلىۋاتقىنىمىز ئەمەس، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى توغرۇل، — بەلكى بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مەئىشەت ۋە بەخت نىشانى، بىزگە ئاللانىڭ رازىلىقىلا ئەڭ چوڭ ھالاۋەت.

— بۇ گەپ ئەسلىي ماھىيەت ۋە مۇقەددەس ئىرادىگە مۇناسىپ ئەمەس، — يۈسۈپ بالاساغۇنى قولىدىكى ئۇماچتىن بىر ئوتلاپ يەرگە قويۇپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيانىڭ چەكسىز مەئىشەتلىرى بەندىلەرگە خاس قىلىنغان. بۇ ئابۇندىكى بارلىق بەھرىمەنلىك بىز ئۈچۈن ھالال قىلىنغان. ئاللا ئاتا قىلغان ۋە رەھمىتىنىڭ نىشانىسى بولغان بۇ ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنالماسلىقنىڭ ئۆزى ياراتمىش ئىرادىگە خىلاپ. ئاللا ھەرگىزمۇ بەندىلىرىنىڭ خارلىق ۋە زارلىقتا ئۆتۈشىنى خالىمايدۇ، تەقسىر. ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ بۈيۈك ئادەملىك ئىقتىدارى پەقەت ئىبادەت ئۈچۈنلا يارىتىلغانمىدۇ، ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بىز بۇ كىشىلىك ئالەمنى بەختكە چۆمدۈرۈشىمىز، تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ئادەملىك قەدىر - قىممىتىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىمدۇر. ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاشنى بىلىش كاتتا ئىبادەت ئەمەسمۇ؟! تەركىدۇنيالىق ئادىمىيلىكتىن مەھرۇم قىلىدۇ، ئەلنى خاراب قىلىدۇ، بۇنىڭ گۇناھى يەنىلا بىزنىڭ ئۈستىمىزگە چۈشىدۇ.

يۈسۈپ يۇقىرىقى بىر قاتار تەۋسىيەلىرى ئارقىلىق

توغرۇلغا مەقسىتىنى ئۇقتۇرماقچى، ئۇنى قايىل قىلماقچى بولۇپ، خېلى كۆپ دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. توغرۇل، بىر مەھەل سۈكۈت ئىچىدە ئۈن - تىنسىز ئولتۇردى. بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنىلا ئۆزرىسىنى ئېيتتى:

— ھەي قېرىنداشىم، مېنىڭ غېمىمنى يەپ كۆپ جاپا چەكتىڭىز، ئەل غېمى ئۈچۈن توختاۋسىز تىرىشىۋاتىمەن، ئاللا ئەجرىڭىزنى بەرگەي. گەپلىرىڭىز توغرا، بىراق ھازىرقى ئەھۋالدا مېنىڭ قايتىپ كېتىشىم تازا مۇۋاپىق ئەمەس، رايىممۇ ئۇنىڭغا قويمايۋاتىدۇ، كۆڭۈل خالىمىغان، كۆڭۈل تارتمىغان ئىشتىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ. ياخشىسى مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ تاللىغان يولۇمغا ھۆرمەت قىلغايسىز، شۇندا مەن سىزدىن تېخىمۇ رازى بولغان بولاتتىم. ئۆز خاھىشىم بىلەن تاغقا كەلدىم، يەنە قايتىپ كېتىشكە مەندە نېمە ئىمكان بولسۇن. بەندىنىڭ ئىشىنى قىلىپ كۆردۈمغۇ، ئۇنىڭدىن ماڭا كەلگەن ۋاپا شۇغۇ، مەن تەڭرىنىڭ يولىنىلا تۇتاي، تەڭرى مەنىلا يۈز ئۆرۈمىسەم ھەرگىزمۇ مېنى تاشلىۋەتمەيدۇ. مەن بۇ يەردە ئەل ئۈچۈن دۇئاگۇي بولاي.

يۈسۈپ بالاساغۇنى توغرۇلنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىلىرىنى تولۇق چۈشىنەتتى. بىراق، تېخى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىپ خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن يۈسۈپتە ئۈنچىلىك ئىمكان يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا بىر مەزگىل پۇرسەت كۈتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ توغرۇل بىلەن خوشلىشىپ ئوردىغا قايتتى.



# ئۇلۇغ پىلان

ھىجرىيە 460 - يىلى. مىلادىيە 1068 - يىلى 10 - ئايلار قۇزئوردىنىڭ ھاۋاسى بارا - بارا سوۋۇشقا باشلىدى. يوپۇرماقلار زەپىرەڭدەك سارغىيىپ كۈزنىڭ سەھەر شامىلىدا ئاستا - ئاستا يەرگە تۆكۈلۈشكە تۇردى. يۈسۈپ بالاساغۇنىمۇ ئەللىكتىن ھالقىپ تازا توشقان نەۋقىران مەۋسۇمنى، ئۆمرىنىڭ ياز مەۋسۇمىنى تۈگىتىپ كۈز مەۋسۇمىغا قەدەم قويغانىدى. يۈسۈپنىڭ چاچ - ساقاللىرىغا ئاق سانجىلىشقا باشلىدى، ئۇ ھەر كۈنى ۋە ھەر سائەتسېرى قارا قۇزغۇندەك باشلىرىغا كاپۇر سەپكەندەك، ئۆمۈر گۈلشىنىگە ئارىلاپ - ئارىلاپ سېرىق ياپراق ئارىلاشقاندەك ھايات مۇساپىسىنى قىسقارتىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ روشەن ھېس قىلماقتا ئىدى. كۈن چۈشتىن پېشىنگە قايرىلغاندا كۈننىڭ بەرىكىتى قالمايدۇ، ھەش - پەش دېگۈچە نامازدىگەر ۋە نامازشام بولۇپ يورۇق كۈن قارا تۈنگە ئالمىشىدۇ. ئۆمۈرمۇ شۇدە، ئادەم 40—50 نىڭ قارىسىنى ئالغۇچە ھاياتنىڭ كارۋىنى ئۇنى نەلەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ، خۇددى ھەر كۈنى يېڭىلىنىپ، يىللار ئالمىشىپ، كۈنلەر، يىللار ئۆتكەندەك، بىراق ئۆمۈر مەنزىلىدە ئانچە روشەن پەرق بولمىغاندەك ھېس قىلدۇرۇپ، ئادەمنى غەپلەتتە ياشلىق ھەۋەسلىرىنىڭ داپلىرىغا راسائۇسسۇل ئوينىتىدۇ.

ھەرقانداق ھەۋەس ۋە ئۇسسۇلنىڭ ئاياغلىشىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئادەم شېرىن بىر چۈشتىن ئويغانغاندەك ئەتراپقا، ھايات مۇساپىسىگە قارىغاندا، ئۆتۈۋاتقىنى يىل، ئاي، كۈنلەر ئەمەس، بەلكى ئۆمۈر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ-دە، يىل، ئايلارغا نىدا قىلىدۇ: «ھەي رەھىمسىز يىللار ۋە ئايلار، ئۆمۈر گۈلشىنىمنى قايتۇرۇپ بەر، سەن مېنى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلىتىپ قويۇپ ھايات دەرىخىمنى قاقشال قىلىپ قويغىنىڭ نېمىسى! قېنى تېنىمدىكى كۈچ-قۇدرەت، قېنى كۆزلىرىمدىكى نۇر، قېنى سەرۋىدەك تۈپتۈز قەددى-قامىتىم، قېنى ئوتلۇق ھېسسىياتلىرىم، قېنى چەكسىز ئارزۇ-ئارمانلىرىم، ھاياتلىق شامىمنى نېمىشقا بۇنچە تېز خىرەلەشتۈرىسەن، نېمىشقا ئوقتەك تۈپتۈز قامىتىمنى يادەك پۈكىسەن، مەندە نېمە ئۆچۈڭ بار ئىدى!» مىڭلاپ، مىڭلاپ، ئەۋلادلاپ، ئەۋلادلاپ ئادەملەرنى جۇۋان قىلىپ، ئۆزى مەڭگۈ قىزلىقىنى ساقلايدىغان رەھىمسىز ۋاقىت بۇ ۋاقىتتا مەيدىسىنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆزىنىڭ بۇ سېھىرلىك ئويۇنىنى تېخىمۇ كۆز-كۆز قىلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ ئويۇن، ئۆمۈر بىلەن ۋاقىتنىڭ بىر مەيدان كومېدىيىسىمۇ ياكى تراگېدىيىسىمۇ؟

يۈسۈپ بالاساغۇنى ئۆزىنىڭ ۋاقىتنىڭ تۇتقۇنى ئىكەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا ھېس قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ تىنىمسىز ۋاقىتقا جەڭ ئېلان قىلدى، گەرچە ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئىزنا قالدۇرغان، قارا جۇدۇنلىرى بىلەن باشلىرىغا قار ياغدۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىغا



ئۇششۇك تەگكۈزەلمىدى. بۇ باغدىن يىلىسىرى ئاجايىپ شېرىن مېۋىلەر قىيامىغا يېتىپ ئەلنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ تۇردى.

شائىرنىڭ ئۆزىمۇ راسا پىشىپ ۋايىغا يەتكەنىدى، زامانىسىنىڭ ئاچچىق ئەلەملىرىمۇ، يىللارنىڭ چاڭگىلىمۇ ئۇنى تېز پۈكتۈرەلمىدى، ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ قەيسەرلەشتۈرىۋەتتى، ئۆزىگە جاۋابكار بولۇشتىن ھالقىپ، زامانىسىگە جاۋابكار بولۇشتەك ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان يۈسۈپ ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، نېمە ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىپلا قالماي، زامانىسىگە نىسبەتەن شاھتىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە بولغان ھەر ساھە، ھەر تەبىقە كىشىلەرنىڭ نېمە ئىش قىلىشىنىڭ لازىملىقى توغرىسىدا يۈرەكلىك پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولدى. ئۇ ھەققانىيەت مەسىلىسىدە شاھىنشاھلاردىنمۇ ئەيمىنىپ ئولتۇرمايتتى، ئۆزىگە ئىشىنەتتى، ئۆزى توغرا دەپ تاللىغان يولدىن ھەرگىز قايتمايتتى، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى شۇنچىلىك يورۇق، شۇنچىلىك ئازادە بىر دۇنياغا ئايلانغانىدىكى، پۈتۈن دۇنيا، بۈگۈن، تۈنۈگۈن ۋە ئەتىلەر ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغقانىدى. نەچچە يىللار ئۆز بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن، ئەل ئارىسىدا يۈرۈپ، ئاۋام بىلەن سىردىشىپ ئۇلارنىڭ مۇڭ-زارىنى ئاڭلاپ، ئەمەلدارلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىك بالاسىدىن خەلقنى تالان-تاراج قىلىۋاتقان، ھەق-ناھەقنىڭ ئاستىن-ئۈستىن بولۇپ كەتكەن، ياخشىلار خارلىنىۋاتقان، يامانلار ئات چاپتۇرىۋاتقان، پەلەكنىڭ

چاقىنىڭ تەتۈرىگە ئايلىنىپ ئەلنى بەختسىزلىك گىردابىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ زالىم بەگلەر بىلەنمۇ تونۇشتى، دېھقانلارنىڭ ۋەيرانە ئۆيلىرىدە، چارۋىچىلارنىڭ ئاق ئۆيلىرىدە ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت ۋە ھەمداستىخان بولۇپ سىرداشتى. بۇ جەرياندا ئۇ چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن ئىجتىمائىي قورغاننى كۆردى، بۇ خىل ماغدۇرسىزلانغان، ھالسىزلانغان جەمئىيەت ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا تېخىمۇ قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلدى، ئۇ كېچىلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان، كۈندۈزلىرى ھەم ئارامخۇدا ئولتۇرمايدىغان بولدى. ئەلنىڭ تەقدىرى، دۆلەت ۋە قانۇننىڭ مەجبۇرىيىتى، شاھلارنىڭ بۇرچى، دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلانغان ئەل كاتتىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى ئۈستىدە قاتتىق ئويلىناتتى، پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان قانۇن - تۈزۈم ئۇنىڭ باغرىنى ئېزىۋەتتى.

«ئەي يۈسۈپ زامانىڭغا ئوبدان نەزەر سال، ھەممە ئىش ھالەتلەر پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ كەتتى، بىلىملىكلەر خارلاندى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى ئايايدىغان بولۇپ قالدى. ئەقىللىقلار كېكەچ بولۇپ، ئېغىز ئاچالماس بولدى، يارىماس، پەس كىشىلەر كۆپىيىپ ئەلگە بالا بولدى. ياۋاشلار دەپسەندە بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرەلمەس بولۇپ كەتتى، مەي بىلەن يۈزىنى يۇيىدىغان ھارامخور بىنامازلار مەرد، باتۇر ئاتىلىپ، پاك، ھالال كىشىلەر خەسىس دەپ تونۇلىۋاتىدۇ، ناماز، روزا بىلەن تۇرغۇچى تەقۋادار كىشىلەر مۇناپىق ئاتىلىۋاتىدۇ، مۇناپىقلارنىڭ كۈنى تۇغۇۋاتىدۇ. ھەممىدە ھارام



ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، ھالاللىق يوقىلىۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى قارا كىر قاپلاپ كەتتى. ھالالنىڭ نامىلا قالدى، لېكىن ئۇنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ھارام نەدە بولسا، شۇ يەردە تالاش - تارتىش، جەڭگى - جېدەل ئەۋجىگە چىقتى. ھارامنى ھارام دېگۈچى، ھارامنى تاشلاپ ھالال يېگۈچى قېنى؟ قىيامەتنى بىلىدىغان ھەقىقىي، توغرا، تەقۋادار كىشىلەردىن كىم قالدى؟ ھەي ئىست، دۇنيانىڭ قىلىقلىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تىلىدىن باشقىچە بولۇپ كەتتى، ئەلدىن ۋاپا كۆتۈرۈلۈپ، جاپا ئۈستۈنلۈك قازاندى. ئىشەنچلىك دىلكەش بىرەر ئادەمنىمۇ تاپماق تەس بولۇپ كەتتى، قېرىنداشلارمۇ يېقىنلىقنى تەرك ئېتىشتى، دوستلار ساداقەتتىن ئاينىدى، كىچىكتە ئەدەپ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، چوڭدا بىلىم قالمىدى. قوپال، نادانلار كۆپىيىپ، پەزىلەت ئىگىلىرى ئازايدى. ھەممە يېقىنلىق پۇل، يارماق ئۈچۈنلا بولۇۋاتىدۇ، ھەممە ئادەم پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ كەتتى؛ پۇل ۋە ھوقۇق - مەنپەئەت ئۈچۈن ھەممە رەزىللىكلەردىن يانماس بولۇپ كەتتى، كىمدە كۈمۈش كۆپ بولسا، كىمدە ئەمەلدارلىق تاجى بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا كۈچۈكتەك ئۆملەيدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى، ھەقىقەتنى ياقلايدىغانلار، ھەقىقەت ئۈچۈن دۇرۇس ئىش قىلىدىغانلار قېنىدۇر ئەمدى؟ بۈگۈن قورسىقى تويۇشنىلا ئويلاپ، ئەلنىڭ ئەلىمىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمەيۋاتىدۇ؛ بۈگۈننىڭ ئۆتكۈنچى راھىتى ئۈچۈن ئەتىنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى تېگىشىۋاتىدۇ. گۇناھ! گۇناھ! قېنى نەسىھەتكە قۇلاق سالغۇچى، پەقەت

«نەسىھەت» دېگەن سۆزلا قالدى، قېنى ئۇنى تۇتقۇچى؟ قېنى يامانلىقتىن توسۇپ، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى؟ سودىگەرلەر ئامانەت مەجبۇرىيىتىنى ئۇنۇتتى، ھۈنەرۋەن ئۇستىلارمۇ نەسىھەتنى تەرك ئەتتى. ئاقىللارمۇ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرىدىغان بولدى، ئاياللاردىنمۇ ھايا، نومۇس كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئەرلەردىمۇ ئەرلىك غۇرۇر ۋە ۋىجدان سۇسلىدى. توغرىلىق ئورنىنى ئەگرىلىك ئىگىلىدى. ئىلگىرى جامائەت كۆپ مەسچىتلەر ئاز ئىدى، مانا ھازىر مەسچىتلەر كۆپ بولسىمۇ جامائەتلەر ئازلاپ كەتتى. بۇنداق ئاينىشلارنى كۆرۈپ قايغۇرغانلار بارمۇ؟ مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ئۆچەكىشىپ بىر - بىرىنىڭ گۆشىنى يېيىشمەكتە، ئۆم - ئىناق ياشىغانلار بولسا ھۇزۇر - ھالاۋەتتە يۇرۇشمەكتە. خەلقنىڭ بايلىقلىرى بۇلىنىۋاتىدۇ، تالىنىۋاتىدۇ، ھالال بىلەن ھارامنى پەرقلەندۈرگۈچى نەدە؟ پىتنە - پاسات شاۋقۇنى ئەلگە ئاپەت بولدى، قۇرئان ئاۋازى بەك ئازلاپ، ھەقىقەت خارلاندى، جاھالەت ئۈستۈنلۈك قازانماق بولىۋاتىدۇ. قانۇن بۇزۇلۇپ دۇنيا تەرتىپى ناچارلاشتى، يامانلارنى كۆرۈپ، ياخشىلارمۇ يولىدىن ئاداشتى. بەزىلەر زۇلۇم - چېكىۋاتىدۇ، بەزىلەر نامراتلىقتىن ئەلەم تارتىۋاتىدۇ. بەزىسى ئاچ، بەزىسى يالىڭاچ، بەزىسى قايغۇ بىلەن نادامەت چەكمەكتە. قانۇن - تۈزۈم ئۆزگىرىپ كەتكەچكە، ئاق بىلەن قارا پەرقسىز بولۇپ ئارىلىشىپ كەتتى، بۇنىڭ ھەممىسى قىيامەتنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ، مانا بەلگىسى كۆرۈندى، ئەگەر غەپلەتتىن ئويغىنىپ سەگەك ياشىمايدىغان بولسا، ئەلدە قىيامەت قايىم بولمامدۇ؟»



يۇسۇپ يۇقىرىقى قورقۇنچلۇق، تەشۋىشلىك ئىجتىمائىي مەنزىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەندە، ئۇنىڭ ئىچى زەھەر يۇتقاندەك ئۆرتىنەتتى. زېمىنمۇ، تاغ - دېڭىزلارمۇ نالە قىلغاندەك ئىدى، پۈتۈن ئەلمۇ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلماقتا ئىدى:

«ئەي قۇدرەتلىك بايات، گۇناھكار بەندىلىرىڭنى غەپلەتتىن ئويغات، ئۇلارغا نىجادلىق يولىنى كۆرسەت، غەپلەت ۋە نادانلىق ئۇلۇغ سەلتەنىتىمىزنى ھالاك قىلمىسۇن، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، نەپسىگە ئەسىر بولغان، ئەلنىڭ تەقدىرىنى رەزىل كېكىردىكى ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا دو تىكىشتىن ئۇيالمايۋاتقان بەگلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگىن. بىز بەندىلىرىڭنى تارىخنىڭ لەنىتىگە ئۇچراشتىن، ئەجداتلارنىڭ ئالدىغا قارا يۈز كېتىشتىن ئۆزۈڭ ساقلا...»

يۇسۇپ شۇنى ياخشى بىلەتتىكى، بايات گۇناھكار، ئازغۇن، گۇمراھ بەندىلەرنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايتتى، گۇناھقا پاتقان ئەلنىڭ دۇئاسىمۇ ئىجابەت بولمايتتى. ھالاكەتتىن قۇتۇلۇش باياتنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن گۇناھلىق يولدىن قايتىپ نىجاتلىق يولىنى تېپىشى كېرەك ئىدى. مەنىۋى كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ئەلگە شىپا بولىدىغان دورىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش كېرەك بولاتتى. بۇ كېسەلنىڭ ئەڭ ياخشى تېۋىپى كىم؟ ئىلىگ. ھەممە دورا - دەرمەكنىڭ ئىختىيارى ئىلىگ قولىدا، بۇزۇشمۇ، تۈزۈشمۇ ئۇنىڭ ئىنسابىدا. بۇدۇن دېگەن قوي پادىسىغا ئوخشايدۇ، بەگ دېگەن چوپانغا ئوخشاش، چوپان پادىلىرىنى سەگەكلىك بىلەن قوغدىمىسا

بۆرىلەرگە يەم بولىدۇ، بۇنىڭ ئۇۋالى يەنىلا ئېلىگنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ. بىراق ئېلىگمۇ بىمار ئىدى، ئىشنى ئېلىگنى داۋالاشتىن باشلاش كېرەك. تېۋىپ كېسەل بولسا ئەلنىڭ كېسىلىنى كىم شىپا تاپتۇرىدۇ؟ ئەل بۇلغاندى، ئۇنى قانۇن سۈيى بىلەن يۇيۇپ تازىلاش كېرەك، ئېرىغسىزنى سۇ بىلەن ئېرىغدىغىلى بولىدۇ، بىراق سۇ بۇلغانسا قانداق قىلغۇلۇق؟!

يۈسۈپ يۇقىرىقىلارنى ۋىجدان تارازىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ دەۋر ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ روشەن تونۇپ يەتتى. ئۇ ئېلىگنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش، ئۇنىڭغا چوپانلىق مەسئۇلىيىتىنى تونۇتۇش، ئەلنىڭ كېسىلىنى شىپا تاپتۇرۇش ئۈچۈن تېۋىپنى ساغلام قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى. ئەمدى گەپ ئۇنىڭ دورا نۇسخىسىنى تەييارلاشتا قالغانىدى.

يۈسۈپ نەچچە يىللاردىن بېرى ئوردىدا ئىشلەپ، ئەل ئارىلاپ دۆلەت باشقۇرۇش قانۇنىيەتلىرىنى ناھايىتى پۇختا ئىگىلىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ھاكىمىيەت باشقۇرۇش تارىخىغا نەزەر سالدى، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ چىقتى، ئۇلاردىن قالغان قىممەتلىك تەۋسىيەلەرنى، ۋەسىيەتلەرنى ۋە ئاچچىق سەلبىي ساۋاقلىرىنى خاتىرىلىرىگە پۈتتى. ئەلنىڭ ئاھ - زارى ئۇنى تېخىمۇ سەگەكلەشتۈردى، ئۇنىڭدىكى سۇنماس ئىرادە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پۈتمەس - تۈگىمەس بىر ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئويغاتتى، ئۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۇنىڭغا يېڭىلمەس جاسارەت بەخش ئەتتى. قارايدىغان بولسا،



ئەجداتلىرىدىن قالغان ئاجايىپ خاسىيەتلىك، مۆجىزىلىك دورا نۇسخىلىرى تۇرغان، ئۇ نۇسخىلارغا ئىسلام روھىدىن يېڭى - يېڭى نۇسخىلارنى قوشۇپ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك دورىلارنى تەييارلاپ چىقىشقا بەل باغلىدى.

يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىدا ئۆزى تېخى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرمىگەن قىممەتلىك سىيمالار بىر - بىرلەپ زاھىر بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قانىتى ئۇنىڭ روھىنى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىن ھالقىپ تېخىمۇ گۈزەل ۋە غايىۋى بىر دۆلەت تەختىدە پەرۋاز قىلدۇرماقتا ئىدى. ئۇلۇغ باياتىنىڭ چەكسىز مۆجىزىلىرى، ئۇنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان تەڭداشسىز ئەقىل - پاراسەت خەزىنىسى، ئىنسانغا يەر يۈزىگە ئىزباسار سۈپىتىدە بېرىلگەن يۈكسەك ئىمتىيازلىرى، پۈتكۈل كائىنات، جەمئىيەتنىڭ بارلىق يۇقىرى، تۆۋەن قاتلاملىرى، كىشىلەرنىڭ روھىي ھالەتلىرى، ئىنتىلىشلىرى، ئەجداتلىرىنىڭ پارلاق مۇساپىلىرى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر ئەينىكىدە زاھىر بولدى. كۆز ئالدىدا ئېچىلىۋاتقان يېڭى روجەك ئۇنىڭ ئۈمىد شامىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرىۋەتتى، ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا قۇرۇلىۋاتقان دۆلەت شۇنچە گۈزەل، شۇنچە نۇرانە ئىدىكى، ئۇنىڭ سىيماسىنى غايىسىدىكىدەك سۈرەتلەپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىدە يېتەرلىك ئىقتىدارنىڭ بارلىقىغا كۆزى يەتتى. يۈسۈپ ئۆزى تۈن قوينىدىكى كۆلبىسىدە ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھى ئالەمنى كەزمەكتە ئىدى، ئۇنىڭغا ھازىر كۆز ئالدىدا پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان شاملا ھەمراھ ئىدى، پۈتۈن زېمىن ئېغىر ئۇيقۇدا، «كۈن تۇغسا قاراڭغۇ

تۇن نۇرغا پۈركىنىدۇ، ئۇ پۈتۈن زېمىنغا، ئېگىز تاغ چوققىلىرىغا ۋە تەسكەيلەرگە، شاھلارنىڭ ياسىداق ئوردىلىرىدىن تارتىپ، نامرات دېھقانلارنىڭ غېرىبانە كەپىسىنى ئوخشاش يورۇتىدۇ، ئۇنىڭ چەكسىز سېخىي نۇرىدىن ھەممە ئادەم ئوخشاش بەھرە ئالىدۇ، مېۋىلەرنىڭ شېرىن پىشىپ يېتىشىشمۇ، گۈل - چېچەكلەرنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىپ خۇشپۇراق چېچىشىمۇ، زېمىننىڭ ھاياتلىقىمۇ مانا شۇ قۇياشنىڭ نۇرىغا بېقىنىدۇ. ئى قۇياش! سەن ئۆزۈڭنىڭ خاسىيىتىڭنى ئەلنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىدىن ئالغانمۇ، سېنىڭ توققۇز رەڭلىك نۇرۇڭ ئېلىمنىڭ توققۇز رەڭلىك تۇغىدىن ئەنداز ئالغانمۇ؟① مەن ياراتماقچى بولغان كۆرۈباشى سەندىن ئەنداز ئالسۇن، سەندىن تۇغۇلسۇن، ئەل ئۇنىڭدىن كەڭ بەھرە ئالسۇن» يۈسۈپ شۇنداق سېلىشتۇرمىلارنى تەسەۋۋۇردىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، يازماقچى بولغان بەخت - سائادەتكە يېتەكلىگۈچى، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش دەستۇرى، ياشاش ئۈچۈن يېتەكچى بولغان ئەسىرىنىڭ باش قەھرىمانى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولدى. يۈسۈپ ئۇنىڭغا غايىسىدىكى سىيما بويىچە «كۈن تۇغدى» دەپ نام قويدى. يۈسۈپ ئۆزى ياراتقان قۇياش خىسلەتلىك باش قەھرىمان ئېلىگكە شۇنداق خىسلەتلەرنى مۇجەسسەملىمەكچى بولدۇكى، ئۇ قۇياشتا بار بولغان خىسلەتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغاندىن باشقا، قۇياشتا بولمىغان خىسلەتلەرنى ھەم ئۆزىدە ھازىرلىغان

① «قۇتادغۇبىلىك»تە قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى «توققۇز رەڭلىك ھال تۇغ يېقىنلاپ كەلدى» دېگەن ئوخشىتىش بار. يۇقىرىقى مونولوگدىكى بايان شۇنىڭغا ئىشارە قىلىنىدۇ.



بولۇشنى پىلان قىلدى، يەنى ئۆزى ياراتقان بۇ كۈن تۇغدى، مەڭگۈ پاتماسلىقى، مەڭگۈ زاۋال تاپماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆرۈبېشىغا ئەڭ ياخشى ئىقتىدارلىق ياردەمچىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ تۈپ ئارزۇسى ۋە مەقسەت مەنزىلىگە تارتىپ كىردى:

«يالغۇق (ئىنسان) بەخت ئۈچۈن يارىتىلغان، ئۇلارنىڭ بايات ئاتا قىلغان بۇ باي زېمىننىڭ مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ خاتىرجەملىك، تەڭلىك، باراۋەرلىك ۋە باياشاتچىلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈش ھوقۇقى بار. بۇدۇن مانا شۇنى كۈتىدۇ، ئۇلارنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرى، ھەممە ئۇرۇنۇشلىرى ۋە مېھنەتلىرى ئومۇمەن بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا مانا شۇ بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن، مېنىڭ بۇ ئەسىرىم ئۇلارغا سائادەت ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ بولسۇن، بىراق بۇ بەختنىڭ بېغى يەنىلا تۆرۈبېشى بىلەن ۋەزىرلەرنىڭ قولىدا. بەخت دېگەن نېمىدېگەن شېرىن، نېمىدېگەن گۈزەل سېزىم - ھە؟! بىراق، ئۇ ۋاپاسىزلىقى بىلەن توپتەك يۇمىلاپ تۇرىدۇ، تۇتۇشنى بىلسە قۇت ئاتىدۇ، تۇتۇشنى بىلمىسە قاچىدۇ، بىرلا قولدىن چىقىرىپ قويسا قايتا قايتىپ كەلمەيدۇ. بىراق نۇرغۇن ئادەملەر بەختنىڭ قەدرى - قىممىتىگە يەتمەيدۇ، بەخت ئازراق يۈزىنى ئېچىپ ئۇلۇغ بېقىپ قالسا ھەددىدىن ئېشىپ ئاسىيلىق يولىنى تۇتىدۇ، بەخت ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈگەندە بولسا پۇشايماندا قىلدەك تولغىنىدۇ. بەختنىڭ ئاقار سۇغا، چېقىلغان چاقماققا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس

قىلالمايدۇ. ئەگەر بەختكە ئېرىشكەن ئادەم ئۇنى تۇتۇشنى بىلسە، بەخت ھەرگىز يۈز ئۆرۈمەيتتى. ھەي بەختكە ئېرىشكۈچى ۋە بەخت ئىزدىگۈچى ئادەم، بەختكە سەن ۋاپاسىزلىق قىلمىساڭ ئۇ ھەرگىز ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ، بەختنىڭ سىخىيلىقىمۇ چەكسىز، كېلىپ - كېتىشىمۇ تېز. ئۇنىڭ خۇيى مۇلايىم، پېشىمۇ كىچىك ۋە ئوماق، مۇشكۇللىرىڭ ئۈچۈن ئۇ ساڭا يار بولسا قولۇڭ تىلىگەن تىلەكلەرگە يېتىدۇ، سۆزۈڭ ھەممە يەرگە ئۆتىدۇ. بەخت بار جايدا ھۇزۇر بار، بەخت بار يەردىن مېھنەت قاچىدۇ، قايغۇ - ئەلەملىرىڭمۇ يولدىن ئازىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ ئۆتەلىسەڭ ئۈمىدىڭنى تاپىسەن، ئەگەر غادايساڭ ۋەيران بولىسەن. بەخت بىلەن قارشىلىشىپ بولالمايسەن، ھەرقانچە غادايغان بىلەن بېشىڭ تاغلار بىلەن ۋە كۆك بىلەن تەڭ بولالمايدۇ، پۇتلىرىڭنى ھەرقانچە ئۇرساڭمۇ يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن. سەن بەختنىڭ تۇراقسىزلىقىدىن ئاغرىنماي، ئۆزۈڭنىڭ تۇراقسىزلىقىڭدىن ئاغرىنساڭ بولىدۇ. بەخت بېرىدۇ، ئۇنى تۇتۇشنى بىلمىسەڭ يەنە قايتۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ بەخت بەرگۈچى باياتنىڭ ۋەدىسى. بىز ئاقىللارنىڭ بۇ ئىبرەتلىك سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايمىز: يارىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىر يوقىلىدۇ، ئۇنى ياراتقۇچى نېمە قىلىشنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ، تىرىكلىكمۇ يەلدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭغا كىم يېتەلىگەن؟ شۇڭا ئۆتكۈنچى دۆلەتكە گول بولۇپ غەپلەتتە قالغۇلۇق ئەمەس. ئەگەر دۆلەت كېلىپ يەنە قايتىپ كەتمەيدىغان بولسا، بۇ يورۇق كۈنمۇ قاراڭغۇلۇققا پاتماس ئىدى»



يۇسۇپ بالاساغۇنى بەخت ھەققىدە خىيال لەۋھەسىگە نۇرغۇن - نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى پۈتتى. ئۇ ئاخىر بەختنىڭ خۇي - مىجەزىنى ئاينىڭ خۇسۇسىيىتىدە تەسەۋۋۇر قىلدى - دە، بەختنىڭ سىيماسىنى ئاينىڭ 15 كۈنلۈك تولۇن ۋاقتىغا تەقسىملەپ، دۆلەت ۋەزىرى بولمىش ئاي تولدىنى بەخت تىلىدىن سۆزلەتمەك بولدى. ئاي تولدىنىڭ بارلىق مىجەز - خاراكتېرىنى ئايتولدىنىڭ ئوبرازىغا مۇجەسسەم قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن بەختكە «ئاي تولدى» نامىنى بەردى.

ئەمدى يۇسۇپ بالاساغۇنىنىڭ تەپەككۇر بېغىدا ئەقىل مېۋىسى چېچەك ئېچىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ غايىسىدىكى دۆلەتنىڭ ئىككى ئاساسىي تۈۋرۈكى بولاتتى. ئۇنىڭ بىرى ئادالەتلىك، توغرا قانۇن - تۈزۈم؛ يەنە بىرى، ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم. بۇ ئىككى تۈۋرۈكتىن ئايرىلغان دۆلەتنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم بولمايتتى. ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن نى - نى شاھىنشاھلارنى ئەسلىدى، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆڭلىگە پۈكتى، ئەلەملىك ئاچچىق ساۋاقلىرىنى ئىبرەت خاتىرىسىگە ھەم پۈتتى. ئۇ يەنىلا خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈشكە باشلىدى.

«. . . بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن، سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ جاھان سورىغان نۇرغۇن - نۇرغۇن بەگلەر ئۆتتى. ئۇلارنىڭ قايسىسى بىلىم ئىگىسى، ئەقىل كاتتىسى بولغان بولسا، ئۇ شۇ زامانىغا ئامەت ۋە بەخت ئېلىپ كېلەلىدى، ئۇلار ياخشى قانۇن تۈزۈپ دۇنيادا نامى مەشھۇر بولدى. تۈركىيلەر تارىخىدا نامى مەشھۇر بولغان توڭا ئالىپ ئەر، مانا شۇنداق پاراسەتلىك، بىلىملىك بولۇپ،

ئادالەت، ھەققانىيەت ئورنىتىپ بىزگە ئۈلگە قالدۇرۇپ كەتتى. جاھان سوراش ئۈچۈن مانا ئاشۇنداق پەزىلەت، ئەقىل ۋە بىلىم كېرەك. شۇندىلا جاھان سوراشقا قەدەم قويسا قۇتلۇق بولىدۇ، قول سۇنسا يېتىدۇ. كىم ئۆزىگە نېمىنى يېقىن تۇتىدىكەن ئۇنىڭ ئىقبالى شۇنداق بولىدۇ، ئەقىل ئىگىسى ئەقىللىقلارنى دوست تۇتىدۇ، ئىلىگ ئەقىلسىز نەپسانىيەتچى بولسا ئۇ بىر قۇلدۇركى، قۇل قانداق قىلىپ جاھان سورالىسۇن؟! باياتى ئادەمنى تاللاپ ئەزىز ۋە قەدىرلىك قىلدى. ئۇنىڭغا ئەقىل - ئىدراك، ئىلىم ۋە پەزىلەت بېرىپ يۈكسەلدۈردى. قەلب ئاتا قىلدى، تىل بېرىپ قەلبنى يورۇتقۇچى قىلدى. ئادەم بىلىم بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن بۈگۈنكىدەك ئۇلۇغلۇققا يەتتى، ئەقىل ئاتا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن تەس تۈگۈنلەرنى يەشتى. تەڭرى كىمگە ئەقىل بىلەن بىلىم ئاتا قىلغان بولسا بارلىق ياخشىلىقلارغا قول سۇنالىدى، بىلىم ۋە ئەقىلدىن ئۇلۇش تەگمىگەن ئادەم ئادەملەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنى سانالدى. ھەرقانداق ئەر ئەقىل مەرتىۋىسىگە يەتسە تۈمەن ئارزۇسى بولسىمۇ قاندۇرۇشقا يول تاپالايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىم قوشۇلسا ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ھەي ئادەم پەرزەنتى! نادانلىققا جەڭ ئېلان قىلىپ ئەقىل - پاراسەت تۇلپىرىغا مىنىشكە ھەرىكەت قىل. ئەقىل دېگەن قاراڭغۇ تۈندىكى مەشئەل، بىلىم دېگەن ئەقىل سارىيىڭدىكى چىراغ. سەن ھەقىقىي قەدىر - قىممەتنى مانا مۇشۇ ئىككىسىدىن تاپالايسەن. ئەقىلسىز ئادەم بىر ئۇچۇم لاي، سەن كىيىم - كېچەك، ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن ئادەملىك مەرتىۋىسىگە يېتەلمەيسەن، ئەقىل



بىلەن تۆردىن ئورۇن ئالالايسەن. بىلىم بىلەن كۆككىمۇ يول ئالالايسەن. ئەقىلدىن مېھرىبان، ئەقىلدىن سادىق قېرىنداش يوق، ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق ۋە مەرتىۋىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. ھەي يۈسۈپ، تۆرك مۆتىۋەرىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ھاياتىڭغا مىزان قىل: ئاقىلغا ئۆز ئەقلى دوستلۇققا يارار، نادانغا ئۆز ئېتى قارغىش ياغدۇرار، بىلىملىككە ئۆز بىلىمى ئەڭ ياخشى تون ۋە ئاش، بىلىمسىزگە ئۆز قىلىقى يامان بىر ئاداش؛ بىلىمسىزلەرنىڭ ھەممىسى كېسەلمەن بولىدۇ، كېسەل ئادەم داۋالانمىسا تېزلا ئۆلىدۇ، بىلىملىك ئەردىن زەئىپلىك يىراقلىشىدۇ، ئەي دانا، بىلىمسىزنىڭ كېسىلىگە داۋا قىل. ئەي نادان، بىلىملىكلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ بىلىمسىزلىك زەئىپلىكىڭنى داۋالاتقىن...»

يۈسۈپ ئەقىلگە چوقۇناتتى، ئەقىلنى ئۇلۇغ بىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەقىل تەرىپىگە كۆپ سەھىپە ئاجراتتى. ئۇ نۇرغۇن خاسىيەتلىك ئىشلارنى، ئىنسان كامالىتىنىڭ نۇرانە مەشئىلى بولغان ئەقىلدىن ئىزدەيتتى. ئەقىلسىزلىكنى ئۆلۈك چاغلايتتى. ئۇ ئەقىلنىڭ قەددى - قامىتى، مىجەز - خۇلقى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىنى مۇنداق سىزدى: ئەقىلنىڭ ياش - قۇرامى كىچىك، چىراي - تۇرقى كۆركەم، ئۇ ئىشتا تەمكىن، مۇئامىلىدە خۇش پېئىل ۋە مۇلايىم، بارلىق جانلىقلارغا مېھرىبان. ئەقىل قولىنى نەگە سۇنسا يېتىدۇ، سۆزى نەگە بارسا ئۆتىدۇ، ئۇ ئىللىق چىراي ۋە سۆيۈملۈكلۈكى بىلەن كىشىلەرگە كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ئەقىلنىڭ كۆزى ئۆتكۈر

يىراقنى كۆرەلەيدۇ، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسەلەيدۇ، ھەرقانچە چىگىش تۈگۈنلەرنى يېشەلەيدۇ، بولغانغان ئىشلارنى سېزەلەيدۇ، ئۇ ھەرقانداق ئىشنىڭ چارىسىنى قىلالايدۇ، پۇرسىتىنى تاپالايدۇ، ئىشقا كىرىشىشتە ئوڭ سولغا، ئالدى ۋە ئارقىغا ئوبدان باقىدۇ؛ ئەقىل قاچقانغا يېتەلەيدۇ، ئۇچقاننى تۇتالايدۇ، بۇزۇلغاننى تۈزەلەيدۇ، سۇنۇقنى تاڭالايدۇ، كۆزلىگەن مەنزىلگە بالدۇر يېتەلەيدۇ...»

ئەقىلگە باغلانغان مۇھەببەت رىشتىسى يۇسۇپنى ئەقىل سارىيىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ باشلاپ ماڭماقتا ئىدى. ئەقىلنىڭ جۇلاسىدىن يۇسۇپنىڭ قەلبى تېخىمۇ ھاياجانغا تولدى، كۆز ئالدىدا تېخىمۇ جەلپكار تېخىمۇ سېھىرلىك بىر نىگاھ زاھىر بولدى. ئۇ قۇياشتەك نۇرلۇق ئىدى، بىراق ئۇ كۆزنى قاماشتۇرمايتتى، ئەقىل ئەماغا كۆز، گاچا تىلغا سۆز، ئۆلۈك تەنگە جان ئىدى. ئەقىل شۇنداق جاكار قىلاتتى: مەن ساڭا ئىشلىرىڭنى ئوڭشايدىغان دوست، كۆلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ نىجاتلىق يولۇڭنى يورۇتىدىغان مەشئەل بولالايمەن. مەن ئىشنى ئوڭ قىلىمەن، تەتۈرگە يول قويمايمەن، ئىشنى چىن قىلىمەن، مەككارلىق قىلمايمەن، يىللار ئۆتسىمۇ توغرا ئىش، دۇرۇس يولدىن ئاداشمايمەن؛ ئۆزۈم يىگىتتەك نەۋقىران، قىلغان ئىشلىرىم مويسىپىتلارنىڭكىدەك پىشقان. ھەرقانداق بايلىق ماڭا قىممەتتە تەڭ كېلەلمەيدۇ، ھېچقانداق كۈچ مېنى يېڭەلمەيدۇ. شۇڭا، ھەممە كىشى ماڭا ئېرىشىش كويىدا بولىدۇ. ماڭا ئېرىشەلمىگەنلەرنىڭ كۈنى زۇلمەت ئىچىدە ئۆتىدۇ، مەنسىز تىرىكلىكنى تەسەۋۋۇر



قىلالمايسەن، مەنسىز تىرىكلىكنىڭ ھەم قىممىتى يوقتۇر. مەندىن ئۆلۈش تەگمىگەنلەر ئۆكۈنۈشتە دېيىشىدۇكى: ئەي ئەقىل، سەندىن ماڭا بىر ئۆلۈش تەگكەن بولسىچۇ كاشكى، سەنسىز مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىم ئىلگىرى باسمىدى، سەنسىز يولدىن ئاداشتىم، زۇلمەتكە پاتتىم، سەنسىز ھاياتلىقىمنىڭ نېمە مەنىسى ۋە قىممىتى بولسۇن...

يۇسۇپ بالاساغۇنى پەي قەلەمنى قولىغا ئېلىپ سول يېنىدىكى سىياھقا تەگكۈزدى ـ دە، قەغەز يۈزىگە قاتار تۆت مۇبارەك ئىسىمنى پۈتتى: كۈن تۇغدى ئىلىگ، ئاي تولدى، ئۇچىنچىسى، ئەقىلنىڭ نامىنى ئۆگدۈلمىش دەپ ئاتىدى. بۇ ئۇچ ئىسىمغا ئۇنىڭ پۈتۈن مەقسەت نىشانى، غايىسى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرى مۇجەسسەملەنگەنىدى، ئۇنىڭ ئىلىم نۇرى بىلەن يورىغان مېڭىسى سانسىز كوچىلار، ئاۋات بازارلار، قايناق رەستىلەر قوي بىلەن بۆرى بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچەلەيدىغان تەشۋىشتىن خالىي ئىناق، ھەربىر ئائىلىدە پاراۋانلىق ۋە بەخت ھۆكۈم سۈرگەن، دۆلەتتە ئادالەت قارار تاپقان، ياخشىلار ئۈچۈن ئوچۇق يول ئېچىلغان، يامانلار جازالىنىدىغان، قانۇن ئالدىدا بەگ، قۇل دەپ ئايرىلمايدىغان، پۈتۈن ئەل باياتىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ نىجاتلىققا ئېرىشكەن، بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى پۇختا سەرەمجانلاشتۇرغان بىر غايىۋى زامان ۋە ماكاننى سىغدۇردى.

ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر...

بامدات نامىزىغا ئېيتىلغان مۇڭلۇق ئەزان، يۇسۇپكە ناماز ۋاقتى بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇ ئورنىدىن يەڭگىل

تۇردى - دە، تاھارەتكە تۇتۇش قىلدى.

— سۇ راسلاپ قويدۇم، — دېدى يۈسۈپنىڭ مەخسۇس قىرائەتخانىسىگە كىرىپ كەلگەن ئايالى، كېچىچە كىرپىك قاقماي چىققان ئېرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى راسلاۋېتىپ.

يۈسۈپ بالاساغۇنى تەرەت ئېلىشقا چىقىپ كەتتى. يۈسۈپنىڭ خوتۇنى پاكار ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ، شام يورۇقىدا تۇرغان ماتېرىياللىرىغا قاراپ بىرئاز تىكىلىپ تۇرغىنىچە، ئارقىدىن شامداننى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئايال يۈسۈپنىڭ بۇ تۇرمۇشىغىمۇ كۆنۈپ كەتكەندەك ئىدى.



# بۇغراخان چاقىرىدۇ

كۆز ئاخىرلىشىپ قاراخانىيلارنىڭ قىش مەۋسۇمى كىرىپ قالدى، يۈسۈپ بالاساغۇنى كۈندۈزلىرى مەھكىمە ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولسا، كېچىلىرى بىر قىسىم ۋاقتىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزسە، كۆپرەك ۋاقتى كىتاب كۆرۈش ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن ئۆتەتتى. يېشى 50 تىن ھالقىغاندىن كېيىن ئۆمرىنىڭمۇ بەرىكىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كۈن، ھەربىر سائەت ۋاقتىمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە تەۋەررۈك ھېسابلىناتتى. ئادەم قانچىلىك كۈچلۈك بولغانسېرى كۆتۈرىدىغان يۈكىمۇ ئېغىر بولىدىكەن. بۈيۈك ئىستەكلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن ئالىم بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات مۇساپىسى، ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ ھەرقانداق چېكىدىمۇ مۇشەققەتلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. قىلماقچى بولغان نۇرغۇن ئىشلىرى، يازماقچى بولغان يىرىك - يىرىك ئەسەرلىرى ئۇنىڭغا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغاندەك، ئۇنى ئالدىرىتاتتى. يۈسۈپ ھاياتقا قارىتا شۇنداق تەلەپچان ئىدىكى، ھايات دەرىخىنىڭ شۇنچىلىك مول مېۋە بەرگەنلىكىگە قارىماي، ئۇ ئۆتكەن ئۆمرىنى يەنىلا ئەجىر - تۆھپىسىز ۋە مەنىسىز غەپلەتتە ئۆتتى دەپ پۈچىلىناتتى، ئۇنىڭغا قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئەھمىيەتسىزلىرى تولا، ئەھمىيەتلىكلىرى تولىمۇ ئاز

تۇيۇلاتتى. نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئارمانلىرىنىڭ كەيىندە قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى. ئىسسىت، ئىسسىت دەيتتى، بۇ ئىسسىتلەرنىڭ ئارقىسىدىن ھايات مۇساپىسىغا قايتا نەزەر سېلىپ چىقاتتى: «ئەپسۇس، مىنىڭ ئەپسۇسكى، — دەيتتى ئۇ خىيالىدا، — ئادەم چۈش بىلەن رېئاللىقنىڭ ئارىسىدا گاڭگىراپ نۇرغۇن تەۋەررۇك ۋاقتىنى مەنىسىز ئۆتكۈزۈۋېتىدىكەن. ئىسسىت ياشلىقىم، ئىسسىت ماڭا ئاتا قىلىنغان ئەقىل ـ پاراسىتىم، سېنى تۇتۇشنى سەندىن ياخشى پايدىلىنىشنى بىلمەي قاچۇرۇپ قويدۇم. ئەقىل گۆھىرىمگە قېرىلىق چېكىسى كەتكەندە ئاندىن قەدرىگە يەتمەكتىمەن، ياشلىقىم ئۆتكۈنچى بۇلۇتتەك يوقىغاندا ئۇنى سېغىنماقتىمەن. ئەي يىگىتلىكىم، يەنە بىر قايتىپ كەلگىن، ئالىقىنىمدا كۆتۈرەي، ئايىغىڭغا تاۋار ـ دۇردۇن سالاي. مەن بىلدىمكى، يىگىتلىك ھاياتلىقنىڭ ئەڭ گۈزەل مەۋسۇمى ئىكەن، ئۇ ئادەم ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ شېرىن چېچىكى، شېرىن جاننىڭ لەززەتلىك بېغى ئىكەن. ئەمدى بۇنى ھېس قىلغىنىمدا ياشلىقىمنىڭ راھىتى، يىگىتلىكىمنىڭ لەززىتى مەندىن ئاللىقاچان يۈز ئۆرۈپتۇ. دۇرۇسىراق ئۆتكەن بولسامىغۇ كاشكى، نېمە ئارمان، بىراق نۇرغۇن چاغلىرىمنى ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزۈۋەتتىم. سەن مەندىن شۇنچە يىراقلىغانسېرى، كۆركەملىكىمنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتتىڭ. ئىككى مەڭزىم ئەرغۇۋاندەك قىزىل ئىدى، بۈگۈن مانا يۈزۈمگە زەپىران ئۇرۇقىنى سەپكەندەك بولدۇم. ئىپاردەك قارا چاچلىرىمغا كاپۇر پۇركۈدۈم. تۈمەن خىل گۈللەرگە پۇركەلگەن پارلاق يازدەك ئىدىم، ئەمدى ھەممىنى قۇرۇتۇپ خازان قىلدىم. يېمەك ـ



ئىچمەك بولسا ئۆيدەك يەپ ـ ئىچتىم، ھەۋەس قوغلىشىپ نۇرغۇن چاڭ توزۇتتۇم، قۇش ۋە ئوۋدىن سۆيۈنۈپ ئۇچقۇر ئارغىماقتا دۆڭلەرگە چاپتىم... مەن مەستلىكتىن ئويغىنىپ قارىغىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ يولدىن ئازغانلىقىمنى بىلىپ باياتتىن تولىمۇ ئۇياتتىم. ناۋادا مەن ئۆزۈمنى كىسرا ياكى قەيسەر ھېسابلىسامىمۇ، شەدداتتەك جەننەت ياساتسامىمۇ، ئىسكەندەردەك پۈتۈن دۇنيانى تەسەررۇپىمغا ئالسامىمۇ، نوھ يېشىدەك ياشاپ باقسامىمۇ، ئۆزۈمنى چاقماقتەك قىلىچلىق ھەيدەر ھېسابلاپ باقسامىمۇ ياكى رۇستەمدەك دۇنيادا داڭق قازانسامىمۇ، ئەيسا بولۇپ كۆككە ئۆرلىسەممۇ، بايلىقلىرىم قارۇن بايلىقلىرىدەك بولسىمۇ، ئەسھابى رىستەك تۆمۈردىن شەھەر سالدۇرسامىمۇ بۇلاردىن نېمە پايدا بولىدى، يەنىلا ئاخىر بارىدىغان جاي ئىككى قىرلىق تۇپراقنىڭ ئاستى ئىكەنغۇ. پۈتۈن دۇنيا قالىدىكەن، ئىككى مېتىر بوز بىلەنلا كېتىدىغان ئىش ئىكەنغۇ؟! يالىڭاچ كېلىدىكەنمىز، يەنىلا يالىڭاچ كېتىدىكەنمىز، بۇ دۇنياغا ئۆزىمىزنى نېمانچە ئۇرىمىز؟! ھاياتقا پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشلىرىمىز قېنى، تىرىكلىك ئۇرۇقىنى قەيەرلەرگە تېرىدۇق، نېمە تېرىغان بولساق شۇنىلا ئورىمىز. قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا يەم بولىدىغان بۇ بەدەننى سەمرىتىمەن دەپ نۇرغۇن جانلارنى قاقشىتىدىكەنمىز. ئەي رەببىم، مېنى غەپلەتتىن ئويغاتقىن، مېنى ھەقىقەتكە يېقىنلاشتۇرغىن، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىپ، دەرگاھىڭدىن مېنى قوغلىمىغىن، ئەل ئارىسىدا ياخشى نام بىلەن كېتىشكە نېسىپ قىلغىن. ئاخىرەتتە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ

يۈزىنى كۆرۈشكە ھەم ئۇنىڭ تۆت ھەمراھى بىلەن دىدارلىشىشقا نېسىپ قىلغايسەن».

بۇ دۇنيا مانا مۇشۇنداق تەڭسىز. ئويغاق، ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنى غەپلەتتە ئۆتىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ، ئەقىلنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ، ئەقىلسىزلەردە غەم ئاز بولىدۇ، ئۇلار ھەرقاچان ئۆزىنى ئەڭ ئەقىللىق چاغلايدۇ، مەست ئادەم قانچە گاراڭلاشقانسېرى ئۆزىنىڭ ساق، دۇرۇس، سەگەك ئىكەنلىكى توغرىسىدا لاپ ئۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟

بۈگۈن يۈسۈپ بالاساغۇنى بامدات نامىزىدىن يېنىپ جامائەت بىلەن بىرقانچە لازىملارغا بېرىپ ئۆيگە ۋاقچىرەك قايتتى. ئۆي خىزمەتكارى يۈسۈپنىڭ ئالدىغا چىقىپ، مەھكىمىدىن بىر ئەلچىنىڭ ئۆيدە ساقلاۋاتقانلىقىدىن خەۋەر قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — غۇلامنىڭ مەلۇماتىنى ئاخىرلاشمايلا ئۆي ئىچىدىن ياش بىر چاپارمەن چىقىپ سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، مەقسەتنى ئېيتتى، — بۇغراخان ھۇزۇرىدىن جانابىڭىزنىڭ دوستى ئەل تۇمۇر يالۋاچ كەلگەنىكەن. بالاساغۇن مەھكىمىسىدە جانابىڭىزنى كۈتۈۋاتىدۇ.

بالاساغۇن ئوردا مەھكىمىسى. ئەل تۇمۇر يالۋاچ بىلەن يۈسۈپ بالاساغۇنى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار غەمگۇزارلىغا ئىگە بولۇشقاندەك بىر - بىرىگە تويماي قارىشاتتى. ئۇلار بىرئاز ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلەشكەندىن كېيىن، ئەل تۇمۇر يالۋاچ يۈسۈپكە مۇنداق بىر ئەمرنى يەتكۈزدى.



— سىنىڭ بۇغراخانغا ئەۋەتكەن «دىۋان»ىڭ ئوردا ئىچىدە قاتتىق تەسىر قوزغىدى، ئەمما بەزى مۇتەئەسسىپ بەگلەرنىڭ ئۇغىسىنى قايناتتىپ قويدۇڭ بولغاي. بىراق، بۇغراخان «دىۋان»ىڭنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئۇنى ياخشى خەتتاتلارغا تاپشۇردى.

— مۇتەئەسسىپلەرگە ياقمىدىغىنى قۇرۇق مەدھىيە ۋە ماختاشلار. ھازىر ماختىنغۇچىلىك نېمە بار. بارنى دېگۈلۈكتە، ئەمەلدار دېگەن ماختىسا ئۆزىنى بىلمەي غادىيىۋالىدىغان، ئازراق تەنقىدلەپ قويسا شۇ ئادەم بىلەن ئۆچەكىشىدىغان بولىدىكەن.

— ئاداش، مىجەزىڭ يەنىلا ئۆزگەرمەپتۇ. ئۆكتىچى بولغىنىڭ بولغان. بۇ قېتىم ئۆكتىچىلىكىڭ خېلى ياخشى ئۈنۈم بەرگەن ئوخشايدۇ. تەخت ئالمىشىش بولغاندىن كېيىن، ئىشلار سەل ئىزىغا چۈشكىلى تۇردى. ھەسەن بۇغراخان ئۆزى ئوقۇمۇشلۇق كەڭ قورساق بولغاچقا، ئۇ ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى يېنىغا تارتىۋاتىدۇ، بىر قىسىم پۇرسەتپەرەس ئاقنانچى ئەمەلدارلارنى سىقىپ چىقىرىۋاتىدۇ. بۇ قېتىم مەن بۇ يەرگە مېڭىش ئالدىدا، مېنى ئالايتەن ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سورىدى. مەن سېنىڭ مەھكىمىدىكى كۆرەلمەس ھەسەتخورلارنىڭ پىتنە - پاسات، تۆھمەتلىرىگە نىشان بولىۋاتقانلىقىڭنى بىلگىنىمچە بىرقۇر سۆزلەپ بەردىم. قارىغاندا بۇغراخان سېنىڭ ئەھۋالىڭنى بەش قولدەك بىلىسە كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئالدىبۇرۇن تەق قىلىپ قويغان بۇ بىر پارچە مەكتۇپنى ماڭا بەردى، — ئەل تۇمۇر يالۋاچ قوينىدىن مۆھۈرلەنگەن مەكتۇپنى چىقىرىپ

يۇسۇپكە ئۆزاتتى.

يۇسۇپ بۇغراخاننىڭ مۆھۈرلەنگەن مەكتۇپىنى ئېلىپ پىچەتنى ئېچىپ مەكتۇپقا كۆز يۈگۈرتتى. مەكتۇپتا يۇسۇپكە بولغان ئەقىدىسى ۋە سېغىنىش ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈپ، تەڭرىدىن خاتىرجەملىك ۋە بەخت تىلىگەندىن كېيىن، مۇنداق مەقسەت ئىزھار قىلىنغان: «مەن بۇ مەكتۇپنى ئۆزۈمنىڭ مەنپەئىتى ۋە ياكى دوستلۇقىمىز ئۈچۈن قىلىنغان ئىلتىپات يۈزىسىدىن ئەمەس، ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يېزىۋاتىمەن. ئوردا ۋە ئەل سىنى كۈتىۋاتىدۇ، مەن ساڭا تېخىمۇ موھتاج بولىۋاتىمەن. ئوردىدا ئىشەنگۈدەك، تايانغۇدەك ئادەملەر بەك ئازلاپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى پۈت - قولىدىن ئايرىلغان پالەچ ئادەمدەك ھېس قىلىۋاتىمەن، مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئىككىلەنمەي، ئەل تۆمۈر يالۋاچ بىلەن قەشقەرگە كېلىشىڭنى ئەمر قىلىمەن، دۆلەتنىڭ ئېغىر يۈكىنى تەڭ كۆتۈرەيلى».

مەكتۇپنىڭ ئاخىرىدا ھازىرچە بالا - چاقىلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ تەنھا كېلىشنى، ئىشلار ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۆزى ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ بالا - چاقىلىرىنى ئالدۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى.

يۇسۇپ بالاساغۇنى بۇغراخاننىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇپ ئويلىنىپ قالدى. «قانداق قىلىش كېرەك؟» يۇسۇپ ئەسلىدە بىر مەزگىل ئوردا ئىشلىرىدىن ئۆزىنى تارتىپ، ئىجادىيىتىگە ئالاقىدار ئىشلار بىلەن بولۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى. بۇ مەكتۇپ ئۇنى قىستاپ قويىدۇ. مەركىزىي ئوردا تېخىمۇ مۈرەككەپ، ئوردىنىڭ ئىچى «قارشى»



چۈنكى، ئۇنىڭدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە قارشى. بىراق، قەشقەرگە بېرىشنىڭ يەنە بىر ياخشى تەرىپىمۇ بار ئىدى. ئۇ چوڭ ھەجىملىك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» نى باشلاپ قويىدى. بۇ ئەسەرنىڭ تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن قەشقەر ئۇنىڭغا كۆپ نەرسىلەرنى ئاتا قىلاتتى. ئۇ مەركىزى شەھەر قەشقەرنى ۋە ئوردىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، قەشقەردىكى ئوردا كۈتۈپخانىسى يۇسۇپنى تېخىمۇ مول ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيتتى. نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ۋە ئۇستازلار بىلەن پىكىرلىشىش پۇرسىتى بولاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە بىر دىلغۇللۇق بار ئىدى.

— دوستۇم، — دېدى يۇسۇپ قولىدىكى مەكتۇپنى ئاستا قاتلاپ تۇرۇپ، — ئۇ زاتقا ئاتاپ يېزىۋاتقان ئەسىرىمنى ئەمدى باشلىدىم، ھازىر بارسام قۇرۇق بويۇمنى كۆتۈرۈپ، قايسى يۈزۈم بىلەن كۆرۈشىمەن. ئەسىرىمنى تولۇق تاماملىغاندىن كېيىن، يۈزۈم يورۇق ھالدا كۆرۈشەرمەن، دەپ ئويلىغانىتىم.

— ھېلىمۇ سەن ئەل - جامائەت ئالدىدا، بۇغراخان ئالدىدا ئاللىبۇرۇن يۈزۈڭنى يورۇق قىلغانسەن، — دېدى ئەل تۆمۈر يالۋاچ يۇسۇپنىڭ ئارىسالدا بولىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇققاندىن كېيىن، — سوۋغا دېگەننىڭ ئالدى، كېيىنلىكى بولمايدۇ، قەشقەردە ساڭا تېخىمۇ ياخشى ئىمكانىيەتلەر ھازىرلىنىدۇ. ئۇقسام ھاكىملار بىلەن پۈت تېپىشىپ قاپسەن، بۇ ھالدا ئۇلار ساڭا ئاراملىق بەرمەيدۇ. يېشىمىز بىر يەرگە بېرىۋاتىدۇ، دۆلەتنىڭ نۇرغۇن

ئىشلىرى سەن بىزنىڭ جان تىكىشىمىزگە موھتاج.

— بۇ يەردىكى ئىشلاردىن خان ئالىيلىرىنىڭمۇ خەۋىرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى يۈسۈپ.

— خەۋىرى بولمايدىغان ئىش بولامدۇ، مەنمۇ بىرقانچە قېتىم سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن خان ئالىيلىرىنى ۋاقىپلاندۇرغانىدىم.

يۈسۈپ ئويلىنىپ قالدى. قەشقەردە ئۆزىنى قانداق تەقدىرلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. بۇ ئۈمىدۋار، جاسارەتلىك ئادەم ئەلنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ئاجايىپ يۈكسەك ۋە ئۇلۇغۋار پىلانلارنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى، بىراق رەھىمسىز رېئاللىق ھەر تەرەپتىن كۈشەندە بولماقتا ئىدى.

يۈسۈپ ئەل تۆمۈر يالۋاچ بىلەن مەھكىمىدىن چىقىپ خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى. ئۇلار قەشقەر تەرەپكە زوقمەنلىك بىلەن نەزەر تاشلىماقتا. ئەتىگەننىڭ سوغۇق شامىلى يۈسۈپنىڭ پەشلىرىنى قېقىپ، قەشقەر سەپىرىگە دەۋەت قىلماقتا ئىدى.

شۇنداق قىلىپ يۈسۈپ بۇغراخاننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ قەشقەرگە بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار بالاساغۇن مەھكىمىسىدىكى بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى بېجىرىپ بولۇپ، تازا مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە ئازادە پاراڭلىشىش ئۈچۈن، يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە باردى.



# بۇغراخان ھۇزۇرىدا

1068 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى. يۈسۈپ بالاساغۇنى دوستى ئوردا يالۋاچى ئەل تۆمۈر بىلەن قەشقەر شەھىرىگە چۈشكەنلىكىنىڭ ئىككىنچى كۈنى. ئەل تۆمۈر يۈسۈپنى ھەسەن بۇغراخان بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ئوردىغا ئېلىپ باردى. بۇغراخان يۈسۈپنى ئۆزىنىڭ شەخسىي خانىسىدا ناھايىتى قىزغىن قوبۇل قىلدى.

ھەسەن بۇغراخان بىلەن يۈسۈپ تاڭ قۇراملىق كېلىپ قالاتتى. بىراق، كۆرۈنۈشتە بۇغراخان يۈسۈپ بالاساغۇنىدىن بىرنەچچە ياش كىچىكتەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى، بۇغراخاننىڭ چاچ - ساقاللىرىغا ئاندا - مۇندا ئاق سانجىلغان بولسا، يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ چاچ - ساقاللىرىدىكى ئاقلار كۆزگە روشەن تاشلىناتتى. تازا قىرانىغا توشقان بۇغراخان ئۈچىسىدا شاھانە زەر تونلار، پۇتىدا نەقىشلىك ئۈچى ئۇچلۇق خۇرۇم ئۆتۈك كىيىكلىك ئىدى. يوغان كۆز چانىقىنىڭ ئىچىدە ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان بىر جۈپ كۆز يۈسۈپكە سەمىمىي دوستلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. يۈسۈپ بۇغراخاننىڭ ۋۇجۇدىدىكى تېتىكلىك ۋە جاسارەتكە، سۆزلىرىدىكى دادىللىق ۋە سەمىمىيلىككە قاراپ سۆيۈنۈپ كەتتى.

— ئالىيلىرى، مەن ئالىيلىرىغا ئەرزىگۈدەك بىرەر سوۋغا - سالام ئېلىپ كېلەلمىگەنلىكىم ۋە ئىز باسقۇدەك

بىرەر تۆھپە كۆرسىتەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمدىن بەك خىجىل بولىۋاتىمەن. ھۇزۇرلىرىغا بويۇمنىلا كۆتۈرۈپ كەلدىم. شۇنداقتىمۇ ئالىيلىرى ماڭا زور ئىلتىپات كۆرسىتىۋاتىدىلا.

— سىزدەك ياراملىق ئەزىمەتلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويماسلىق بىزنىڭ چوڭ سەۋەنلىكىمىز. مەن سىزگە مۇھىم ئورۇن ھازىرلاپ قويدۇم؛ ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ بەرسىڭىز.

— ئۇلۇغ ئالىيلىرى، — دېدى يۈسۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن ئۆزرە سوراپ، — مەن خاقانىمىز ئۈچۈن بىرەر مۇناسىپ ئىش قىلىپ بەرمەي تۇرۇپ، بۇنچە چوڭ ئىلتىپاتنى قوبۇل قىلىشقا ئاجىزمەن. ئوردا ئىشلىرى بىلەن بىر مەزگىل تونۇشىۋالسام، يەنە بىرى ئالىيلىرى قوبۇل كۆرسە، ماڭا يەنە بىرئاز ۋاقىت بەرسە، ئالىيلىرى ئۈچۈن ئاتاپ يېزىۋاتقان بىر رىسالەم بار ئىدى، ئارامخۇدا شۇنى پۈتتۈرۈۋالسام، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالىيلىرىنىڭ ئەمرىگە پەرمانبەردار بولاي.

بۇغراخان يۈسۈپنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى.

— ئۇنداق بولسا، بۇ ئىشقىمۇ ئوردا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. سىز مېنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانامدىن ئەركىن پايدىلىنىڭ، كىتىشلىك خىراجەتنى ئوردىدىن ئالىسىز بولىدۇ. ئوردىدىن يەنە بىرەر مۇلازىم خىزمىتىڭىزنى قىلسۇن.

— ئالىيلىرىغا كۆپ رەھمەت، ئۆزۈمنىڭ شەخسىي مۇلازىمىم بار، — يۈسۈپ بالاساغۇنى بىلەن ئەل تۆمۈر يالۋاچ يۈسۈپ بۇغراخانغا ئامانلىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ



ئوردىدىن چىقتى.

* * *

يۈسۈپ بالاساغۇنى ئەڭ جاپالىق ۋە ئەڭ شەرەپلىك بولغان 18 ـ ئايلىق ئىجادىيەت مۇساپىسىگە قەدەم قويدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار ئىستەكلەر بىلەن يېزىۋاتقان ئۇلۇغ ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇتۇقلۇق چىقىشى ئۈچۈن ئەۋزەل ئىمكانىيەتلەر ھازىرلانغانىدى. يۈسۈپ بالاساغۇنى بۇغراخاننىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدىن ئۆزى ئىزدەپ ئۇچراتمىغان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بىلەن ئۇچراشتى. كۇتۇپخانىدا تۈرلۈك تىلدىكى قامۇس خاراكتېرلىك داڭلىق ئەسەرلەردىن باشقا ئەرەب ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، پارس ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، تۈرك تەرجىمانلىرى تەرجىمە قىلغان گرېك تىلىدىكى يۇنان ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇيغۇر ئاپتورلىرىدىن ئالىملىق شائىرلىرى، سەمەرقەنت، بۇخارا ئاپتورلىرى، خوتەن ئاپتورلىرى، قۇچۇ ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشقىي ـ مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەردىن باشقا چوڭ ھەجىمدىكى سىياسەتنامىلەر، قانۇن دەستۇرلىرى، ماتېماتىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق تەبىئىي پەنلەرگە دائىر ئەسەرلەرمۇ خېلى مول ئىدى. يۈسۈپ بىر تەرەپتىن قەلب دېڭىزىدا تۇغۇلغان بىلىم ئۈنچىلىرىنى سۇزۇپ چىقىرىپ قەغەز يۈزىگە يېيىپ ئۆتكۈزۈلگەن ئۈنچە مارجاندەك تىزسا، يەنە بىر تەرەپتىن،

كىتاب دېڭىزىدىن ھەم تۈرلۈك گۆھەرلەرنى قازاتتى. ئەسەرنىڭ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرگەنسېرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تېخىمۇ يورۇق ۋە جۇلالىق بىر روجەك نامايان بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئوردىدىكى يۇقىرى - تۆۋەن ھەرقايسى قاتلام تەبىقىلەر ئەكس ئېتەتتى، ئۇ ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئۆلچەم قائىدىلەرنى تۇرغۇزاتتى. ئۇ «ئادەم ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تەسەۋۋۇرنى، جەمئىيەتمۇ ئۆزىنىڭ ئوبرازلىق سۈرىتىنى كۆرۈشى كېرەك» دەپ ئويلايتتى. يۈسۈپ ئادەمنى ئەڭ يۈكسەك، ئۇلۇغۋار سىيمادا تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇ ئەسەرنىڭ دەرۋازىسىنى ئىنسان تەسەۋۋۇرى ۋە ئىنسان تەرىپى بىلەن ئاچتى. «ئىنسان بۈيۈك مەقسەت ئۈچۈن يارىتىلغان. ئۇ ئالەمنىڭ روھى. ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ ئىمتىياز ۋە پاراسەت بېرىلگەن. ئۇ ئالەمنى نۇرلاندۇرىدۇ، تەبىئەتنى بويسۇندۇرىدۇ، ئالەمنىڭ سىرلىرىنى ئېرىقتىكى غازاڭلاردەك بىلەلەيدۇ، يېشىلمەس تۈگۈنلەرنى يېشەلەيدۇ، ئېچىلماس سىرلارنى ئاچالايدۇ...»

يۈسۈپنىڭ تەسەۋۋۇرى قەسىرلەردىن تارتىپ دېھقان كەپىلىرىغىچە؛ جەمشىد، قارۇن ئوردىلىرىدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ تەقدىرىگىچە؛ ئالەمنىڭ بىنا قىلىنىشى ۋە تۆت زات چۈشەنچىلىرىدىن تارتىپ؛ ئىنسان تەبىئىتىگىچە بېرىپ سەيلە قىلاتتى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى يەتكەن زامان، قەدىمى يەتكەن ماكاندىن ئاجايىپ ئۇلۇغ ھېكمەتلەرنى بايقايتتى، ئۇنى ئۆزىنىڭ غايىۋى تىلەكلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ تېخىمۇ گۈزەل بەدىئىي بېزەكلەر بىلەن بېزەيتتى.



يۈسۈپ ئۇلۇغۋار تەپەككۇر ماشىنىسىنى جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا، ئاممىۋى سورۇنلارغا، ھەربىر ئائىلىلەرگىچە چاپتۇرماقتا. ئۇ ئۆز زامانىسىغا، كىشىلىك تۇرمۇشقا، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئۆز زامانىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن نازۇك بىر سېزىم بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ ئېڭى زامانىسىدىكى تەڭسىزلىكلەرنى سىغدۇرالمايتتى، كىشىلەرنىڭ بىلىمسىزلىك، نادانلىق قاپقىنىغا بەند قىلىنىپ ئىنسانىي قىممىتىدىن مەھرۇم ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقىدىن ئۆكۈنەتتى، پۇرسەت ئەڭگۈشتىرىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ھايات سەھناسىدا خۇددى سايىغا ئوخشاش ياشاپ، ئىز - دېرەكسىز غايىب بولىۋاتقان ئادەملەردىن ئېچىناتتى. يۈسۈپنىڭ ئېڭىدىكى ئادەملەر تەڭرى ئالدىدا مەرتىۋە جەھەتتىن تۇغۇلىشىدىلا باراۋەر ۋە ئەزىز، بىراق رېئاللىق ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى تەڭسىزلىك رەقىمىنى چەككەن. نادانلىق بالاسى بەخت - سائادەتنىڭ تۈزىقى. ھايات دەسمايىسىنىڭ تۈزىكىمۇ شۇ نادانلىق بولغان. ئادەملەر نادانلىق سەۋەبلىك قەدىر - قىممەت تارازىسىدا يەڭگىل كېلىپ قالغان.

ئالىمغا نىسبەتەن ئۇنىڭ روھىنى بىر ئۇلۇغۋار غايە يېتەكلەيتتى. بىراق، ئۇ ئۆزىنى ئۆزىنىڭ روھىنى باشقا بىر دۇنياغا مەنسۇپ دەپ قارىمايتتى. ئەمما كىشىلىك جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىكلەر ئۇنىڭ روھىنى قامال قىلغان، ئۇ بۇ قامالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، روھىنى بۇ قەپەسدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆزىنى ئازاد قىلغاندىلا ئاندىن باشقىلارنىڭ زەنجىرىنى پاچاقلاش ئۈچۈن ئىمكانىيەت تاپالايتتى، يۈسۈپنىڭ ئالىي

روھى ۋە مەۋجۇت قاتمال روھلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن بولغان ئىستەكلەرنى ئويغاتتى. ئۇ تەپەككۇرنى بوغىدىغان، تەپەككۇرغا كىشەن بولىدىغان چېگىش خىياللاردىن، تەشۋىش ۋە ئەنسىرەشلەردىن ئىمكان بار ئۆزىنى ئازاد قىلىپ، تەپەككۇرنى بىمالال قانات قاققۇزۇشقا تىرىشاتتى. چۈنكى، ئەركىن پىكىر پەقەت ئەركىن ئىدىيىدىن چىقىدۇ. ئۇ شاھلارنىڭ بۇيرۇقى، بەگلەرنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى، بايلارنىڭ تېپىرلاشلىرى ۋە قاغىشلىرىغا پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا يارىتىلىۋاتقان جەمئىيەت ھەقىقەتىنى، ھاياتنىڭ بۈيۈك قانۇنىيىتىنى، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى سۈرەتلەۋاتامدۇ؟ «ئىنسانىيەت ئۆزىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن روھىنى ئازاد قىلىش كېرەك، روھ ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىلا ئۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلەلەيدۇ، شۇندىلا ھەربىر ئادەم ئۆز روھىنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپلا قالماي، ئالىي روھ بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇنلۇق ھاسىل قىلالايدۇ، ھەربىر ئىنساننىڭ روھى ئەل روھىنىڭ تامچىسى، ئەل روھى ئازابلانسا شەخسىي روھنىڭ ئازابلانماسلىقى مۇمكىنمۇ، ئازاب بولمىغان روھ پەقەت قۇرۇق جەسەت»

يۇسۇپ جەمئىيەتتىكى قاتمال، چۈشكۈن، زەئىپ روھقا جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ قەلەم زۇلپىقارى قاراخانىيلار ئوردىسىنى ساختا پەرۋازلار بىلەن يوپۇقلاپ تۇرغان نىقابلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. بۇ بىر ئەركىن روھنىڭ ئىسيانى ئىدى. ئۇ روھ پاك ۋە نۇرانىلىقى بىلەن



خەلقنىڭ روھى بىلەن بىرلىك ھاسىل قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ روھى يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن غالىب ئىدىكى، ئۇ ئۇلۇغ باياتنىڭ ئىرادىسى بىلەن روھىنى قوراللاندۇرغان، ئۇلۇغ باياتنىڭ ئەمرى ۋە رەھمىتى بىلەن روھىنى پاكلاشتۇرغانىدى. ئۇنىڭ يولى باياتنىڭ كۆرسەتكەن يولىدىن چىقماسلىق، باياتنىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلماسلىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇنداق ئۇيغۇنلۇق ئۇنىڭ روھىنى بۈيۈكلۈككە ئىگە قىلدى، ئۇنىڭغا يېڭىلمەس ۋە مەڭگۈلۈك روھنى بەخش ئەتتى.

يۇسۇپ بالاساغۇنىنىڭ 20 يىلدىن بېرى خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتقان 35 ياشلاردىكى بىر غۇلامى بار ئىدى، يۇسۇپ ئۇنى ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەپ كۆپ مەلۇماتقا ئىگە قىلدى. ئۇمۇ يۇسۇپكە ناھايىتى ئىخلاس ۋە ھۆرمەت بىلەن خىزمەت قىلاتتى. ئۇ غۇلامنىڭ خېتى شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدىكى، يۇسۇپ بالاساغۇنى ئۆزى خەتتاتلىق جەھەتتە شۇنچىلىك يېتۈك بولسىمۇ، غۇلامنىڭ خەتتاتلىق ماھارىتىگە قايىل ئىدى. شۇڭا، ئەسەرلىرىنى ئاققا كۆچۈرۈشتە ئۇنى ئۆزىگە ياردەملەشتۈرەتتى. غۇلامنىڭ يەنە بىر خىزمىتى يۇسۇپنى ھەرقاچان تاماق ۋاقتىدىن ۋە ناماز ۋاقتىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ تۇرۇش ئىدى. بولمىسا يۇسۇپ تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ نەچچە سائەت ئولتۇرۇپ كېتەتتى. شۇڭا، ئۇ غۇلام ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ «يا پىرىم، نېمىدېگەن جېنى مۇستەھكەم ئىرادىلىك ئادەمدۇ، بۇ» دەپ قوياتتى. بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» كە سىڭدۈرگەن 18 ئايلىق مېھنەت غۇلامنىمۇ چارچىتىپ قويغانىدى. بۇ ئەسىرىنى غۇلامغا كۆچۈرۈشكە بەرمىدى،

بىر بابنى يېزىپ بولۇپ، ئۆز قولى بىلەن ئۆزى ئاققا كۆچۈرەتتى. غۇلام ئاققا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى بەزىدە ئوچۇق - ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن ئوقۇۋالاتتى. شۇڭا، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەزمۇنى تۇنجى قېتىم يۈسۈپنىڭ شەخسىي غۇلامىغا ئاشكارىلانغانىدى. غۇلام ئەسەرنى ئوقۇپ ئۆزى ياشاپ تۇرىۋاتقان شۇ رېئاللىقتىن ھالقىتىپ ئاجايىپ گۈزەل، ئادەمنى بەخت ھۇزۇرىغا چۆمدۈرىدىغان بىر جەمئىيەتكە بارغاندەك تۇيغۇدا بولاتتى.



# نورۇز سوۋغىسى

1069 - يىلى نورۇز. ئۆمۈرلۈك ئىزدىنىش ۋە تەجرىبىنىڭ يۇغۇرۇلمىسى، 18 ئايلىق مۇشەققەتلىك ئەقلى ئەمگەكنىڭ خاسىيەتلىك مېۋىسى ئاخىر پىشىپ قىيامىغا يەتتى. «قۇتادغۇبىلىك» گۈزەللىك ۋە كامالەتتە قىيامىغا، مەزمۇن ۋە مەنە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتە پايانىغا يېتىپ، ئىنسان قەلبىنى يورۇتقۇدەك مەنىۋى قۇياشقا، بەخت - سائادەت نىشانىنى يورۇتىدىغان مەشئەلگە ئايلانغانىدى. يۈسۈپ بالاساغۇنى بىر ھەپتىدىن بېرى بۇ مۆجىزىلىك ئەسەرنى باشتىن - ئاياغ ئوقۇپ، بىر قىسىم بېيىتلارغا زۆرۈر تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسرىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. نەچچە ئايلىق جاپالىق ئەمگەكتىن ھاردۇق يەتكەن روھقا قايتىدىن بىر غايىۋى كۈچ قوشۇلغاندەك روھلىنىپ كەتتى، يۈسۈپ ئۆزى ياراتقان ئوبرازلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئالىي تىلەكلىرىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلار ئىنساننىڭ ھەقىقىي قەدىر - قىممىتىنى نامايان قىلىپ بېرەتتى. «مانا بۇ ھەقىقىي ئۇلۇغ ئىنسان، تەڭرىنىڭ ياراتمىش ئىرادىسىگە مۇناسىپ ئادەم. ھەرقانداق ئەلدە كۈن تۇغدىندەك ئادىل پاراسەتلىك ھۆكۈمدار؛ ئاي تولدىدەك، ئۆگدۈلمىشتەك ئالىي پەزىلەتلىك، قابىلىيەتلىك باش پاناھلارغا ئىگە بولالىسا ئۇ

ئەلدە مۇڭ، قايغۇ بولمايدۇ. مېنىڭ خەلقىممۇ ئاشۇنداق باش پاناھقا ئىگە بولسا ـ ھە. . . » يۈسۈپ ئاشۇنداق ئۇلۇغ ئىستەكلەر ئىلكىدە ئۈمىد زوقى بىلەن ئەسەرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى مۇنۇ بېيىتلارنى كۆزدىن ئۆتكۈزدى.

ئەي ئالىم، بىز ئىنسان ئىكەنمىز ئەگەر،
گۇمانسىز پەرىشتە ئېرورلار ئۇلار.
ئۇلارنىڭ خۇي ـ پەيلى مۇبارەك سۆزى،
چۈشەنمەك ئېرۇر بىر سائادەت ئىزى.

* * *

بۈگۈن قاراخانىيلارنىڭ زامانىۋى بايرىمى نورۇزنىڭ ئىككىنچى كۈنى. يۈسۈپ بالاساغۇنى ھەمدە بۇغراخاننىڭ نورۇز بايرىمى يېڭىدىن تەختكە چىققانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئالدىرىغان بولسىمۇ، بىراق بۇغراخانغا يازغان نورۇز قەسىدىسى تېخى ئۇلگۇرمىگەچكە نورۇزنىڭ بىرىنچى كۈنىدىكى چوڭ مۇراسىمدا ئەسىرىنى سوۋغا قىلالمىدى. ئىككى كۈن نورۇز پائالىيىتىگە قاتناشمىغان ئالىم 120 مىسرالىق بۇغراخان ۋە نورۇز قەسىدىسىنى پۈتتۈرۈپ ئەسىرىنىڭ بېشىغا تۇپلىدى، ئاندىن دوستى ئەل تۆمۈر يالۋاچنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە ئەل تۆمۈر يالۋاچ 60 ياشلار چامىسىدىكى ھاجىپنى باشلاپ يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ خانىسىگە كىرىپ كەلدى. ھاجىپ چىرايلىق مۇقاۋىلانغان، مۇقاۋا ئۈستىگە ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان



«قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ماۋزۇغا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇ مۇبارەك ئەسەرنى قولىغا ئالدى. ئۇيان ـ بۇياننى ئازراق ۋاراقلاپ چىقتى، بىراق ئۇنىڭ ئۆڭىدىن خۇرسەنلىك ياكى قىزىقىش ئالامەتلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ «ياخشى، ياخشى، بەلەن بولۇپتۇ، كۆپ ۋاقىتىڭىز كەتكەندۇ ـ ھە» دېگەندىن كېيىن، كىتابنى جايىغا قويۇپ بۇغراخاننىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدى:

ـــ بۇغراخان ئالىيلىرى جانابىڭىزنىڭ ئەتە ئەتىگەندە قوبۇلغا كىرىشىڭىزگە ئىجازەت قىلدى. بۈگۈن ئىلىگ خانلاردىن نورۇز سوۋغىسى ئېلىپ كەلگەنلەر بىلەن بولىدىكەن.

ھاجىپ چىقىپ كەتتى، ئەل تۆمۈر بىلەن يۈسۈپ بالاساغۇنى ئۇزۇن تۇرا، سىرلىق چىراي ھاجىپنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشتى.

ـــ يۈسۈپ، ئەجەبلەنمە ئاداش، ـــ دېدى ئەل تۆمۈر يالۋاچ يۈسۈپنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ـــ بۇ ھاجىپ ئوردىغا كونا، ئۆزىمۇ خېلى ياخشى قوشاقلارنى يازىدۇ. بىر دىۋانىمۇ بار، بىراق قورسىقى تارراق، ئۆزىگە بەكرەك تەمەننا قويىدۇ، باشقىلارنى ياراتمايدۇ.

ـــ باشقىلارنى ياراتمىغان ئادەم، ئۆزىگە ھەددىدىن ئارتۇق تەمەننا قويىدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ پۈتىنى ئۆزى چۈشەپ قويىدۇ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ئوڭاي چۈشۈپ كېتىدۇ. مەن بۇ ھاجىپنىڭ شېئىرىي دىۋانىنى كۆرگەن، ئادەمنىڭ تىلى باشقا دىلى باشقا بولسا بولمايدۇ.

ـــ ئۇ تېخى ئىشلارنى كېيىن چۈشىنىپ قالىدۇ، بىز ئەسلىدە ھاجىپنى ۋاستە قىلمايلا، بۇغراخان بىلەن

بىۋاستە كۆرۈشكەن بولساق بولغانىكەن، — دېدى يالۋاچ.

— ھەربىر ئىشنى تەرتىپ - قائىدىسى بىلەن قىلىش كېرەك، تەرتىپ - قائىدىسىز ئىش خەيرلىك بولمايدۇ، — دېدى يۈسۈپ بالاساغۇنى.

بۈگۈن نورۇزنىڭ ئۈچىنچى كۈنى. قاراخانىيلارنىڭ ھەرقايسى ئايماقلىرىدا بايراملىق پائالىيەتلەر ئۈزلۈكسىز داۋاملاشماقتا. زىمىستان قىشنى ئۆزىتىپ باھارغا ئۇلاشقان كىشىلەر ھەر خىل پائالىيەتلەر بىلەن خۇشاللىقلىرىنى ئىپادىلىمەكتە. ھەتتا مال - چارۋىلارمۇ، ئۇچار قۇشلارمۇ يېڭى يىلغا تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك ئۆزىنىڭ ماھارەتلىرىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. مال - چارۋىلارنىڭ ئويناقشىپ سەكرەشلىرى، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى كىشىلەرنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈرۈپ، ھاياتلىقنىڭ پەيزىنى ئاشۇرماقتا.

قاراخانىيلار ئوردىسىمۇ ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى، ھەرقايسى ئايماقلاردىن سوۋغا - سالام ئېلىپ كېلىشكەن بەگلەرنى كۈتۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئوردا شائىرلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ نورۇزنامىلىرىنى، بۇغراخانغا ئاتىغان قەسىدىلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈن نۆۋەت كۈتۈشمەكتە. ئۇلار بۇغراخاننىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىشاتتى. ھەرقايسى بەگلىكلەردىن كەلگەن ئەلچىلەر قاراخانىيلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە توققۇز - توققۇز سوۋغاتلىرىنى شاھ نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراشماقتا ئىدى.

يۈسۈپ بالاساغۇنى ھاۋارەڭ تاۋارغا ئورالغان ئەسىرىنى ئىككى قولىدا تۇتقىنىچە، مەغرۇر قەدەم بىلەن



تاشقىرىقى ئوردىدا پەيدا بولدى، ئىشىك ئاغىسى بۇغراخانغا يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ ئوردىغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. بۇغراخان يۈسۈپنىڭ قوبۇلغا كىرىشىگە ئىجازەت بەردى. جاكارچى جاكار قىلدى:

— يۈسۈپ بالاساغۇنى ئوردىغا كىرگەي.

يۈسۈپ بالاساغۇنى سەپ - سەپ بولۇپ سوۋغا - سالاملىرىنى كۆتۈرۈشۈپ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ئىچكىرى ئوردىنىڭ قوبۇلخانىسىغا كىردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئالىيلىرى. يېڭى يىلىڭىز قۇتلۇق بولغاي، — يۈسۈپ بالاساغۇنى سالامدىن كېيىن يېڭى يىل ۋە بۇغراخان قەسىدىسىنى بۇغراخان تىلى دەپ ئاتالغان ساپ قەشقەر تىلىدا ھاياجان بىلەن يادقا ئوقۇدى. ئۇنىڭ ھەربىر مىسراسىدا ھاياتنىڭ ئاجايىپ جۇشقۇن مەنزىرىسى نامايان ئىدى، پۈتۈن تەبىئەتنىڭ، پۈتۈن ئۇچار قۇشلارنىڭ تىلەكلىرى، زاماننىڭ ئەلچىسى بۇغراخانغا ئالقىش ياغدۇرماقتا ئىدى. تەبىئەت يېشىللىققا پۈركەنگەن؛ قۇرۇغان يالىڭاچ دەرەخلەر ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل لىباسلارنى كىيىپ ياسانغان؛ قوڭۇر يەر يېشىل يېپەكتىن تون كىيگەن؛ تاغ - داللار، قىر - ئويمانلار تۆشەك يېيىپ، ۋادىلار قىزىل، كۆك كىيىم بىلەن بېزەلگەنىدى. تۈمەن تۈرلۈك گۈل - چېچەكلەر كۈلۈپ ئېچىلىپ دۇنيا ئىپار ۋە كاپۇر ھىدى بىلەن تولغانىدى. غاز، ئۆردەك، ئاققۇ، قىلقۇيرۇقلار يايراپ يۇقىرى - تۆۋەن ئۇچۇشاتتى. قۇشلار خۇددى ئىپپەتلىك قىزلار ئۆز سۆيگىنىنى چاقىرغاندەك

يېقىملىق ئۈن بىلەن ھەمراھلىرىنى ئۈندىمەكتە، قاندەك قىزىل ئېغىزلىق قاراقاش كەكلىك قاقاقلاپ كۈلگەندەك ئۈنلۈك سايرىماقتا، قارا قۇش نەيزىدەك تۇمشۇقىنى سوزۇپ نازىنىن قىزنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان ئاۋاز بىلەن سايراپ مەدھىيە ئوقۇماقتا. گۈلزارلىقتا كېچە - كۈندۈز تۈمەن خىل ئاۋاز بىلەن سايراۋاتقان بۇلبۇلنىڭ ئۈنى سۈرە ئەبرىنى ئېيتقاندەك ئىدى. كېيىك بىلەن جەرەن گۈللەر ئارا ئوينىشاتتى، ئارقار بىلەن تاغ ئۆچكىلىرى جۈپ - جۈپ بولۇشۇپ سەكرىشەتتى. ئاسمان قاپاق تۈرۈپ كۆزىدىن ياش تۆكسە، چېچەكلەر يۈز ئېچىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. بۇ ۋاقىتتا دۇنيا ئۆزىنىڭ ھۆسنىگە بېقىپ، ئۆزىنىڭ ياسىداق ئىگىنىگە قاراپ پەخىرلىنىپ سۆيۈنەتتى. تەبىئەت شۇنداق نىدا قىلاتتىكى: «بۇ جاھاننىڭ يۈزىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر ئۇخلاپ قالغان بولساڭ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، كۆزۈڭنى ئاچ، ئاڭلىمىغان بولساڭ، قۇلاق سال، تۈمەن يىللاردىن بېرى يۈزۈم سولغۇن، تول ئىدىم، مانا ئەمدى تولۇق كىيىمىمنى سېلىپ ئاق سۆسەردىن تون كىيدىم. ئۇلۇغ خاقان بېگىم بولغاچقا شۇنداق بېزەلدىم. ئۇ قوبۇل قىلسا جېنىمنى پىدا قىلسام دەيمەن. بۇلۇتلارمۇ گۈلدۈرلەپ خان دۇمبىقىنى ئۇردى، چېقىن چاقناپ خاقان تۇغىنى لەپىلدەتتى. بىرى قىنىدىن قىلىچ سۇغارسا ئەل بويسۇنىدۇ، يەنە بىرى شان - شۆھرىتىنى جاھانغا يايىدۇ. ئۇلۇغ تاۋغاچ بۇغراخان جاھان سوراۋاتىدۇ، ئاللا ئۇنىڭ نامىنى قۇتلۇق قىلىپ ئىككى دۇنيالىقنى ئاتا قىلسۇن»

يۇسۇپ تەبىئەتنىڭ ئالقىشىنى، تەبىئەتنىڭ شادلىقىنى، تەبىئەتنىڭ تىلىكىنى جاكارلاپ بولغاندىن



كېيىن، زاماننىڭ تەنتەنىسىنى سىزىپ بەرگەندى:

«ئەي دىنىنىڭ ئىززىتى، دۆلەتنىڭ تىرىكى ۋە ھامىيسى، ھەي مىللەتنىڭ تاجى، شەرىئەتنىڭ ئىشەنچى، بايات ساڭا بارلىق تىلىكىڭنى بەردى. ئۇ ساڭا دائىم ئارقا يۆلەك بولسۇن. ئەي ئۇلۇغلۇقنىڭ كۆركى، دۇنيانىڭ جامالى، دۆلەتنىڭ نۇرى، ئۈركۈگەك بەخت ئېتىنىڭ يۈگىنى خاقانىم، پەلەك ساڭا ئوڭ بېقىپ، دۆلەت ۋە تەخت ئاتا قىلدى. تەڭرىم بۇ دۆلەتنى سېنىڭ ۋاستەڭ بىلەن قۇتلۇق قىلىشقا نېسىپ قىلسۇن. سەن بىلەن جاھان تىنچلاندى، شۇڭا دۇنيا ساڭا ئېسىل سوۋغىلارنى سۇندى. ساما قۇشلىرىدىن مەيلى ھىندى مەملىكىتىدىن كەلگەنلىرى بولسۇن، مەيلى رۇم ئىقلىمىدىن كەلگەنلىرى بولسۇن خاقانىمىزنىڭ نامىنى ئاتىشىپ بەس - بەستە سايراشماقتا. سۆيۈنۈش ۋە خۇشاللىق ئىچىدە يايراشماقتا. بىرى شەرقنىڭ ئېسىل سوۋغىلىرىنى ھەدىيە قىلسا، بىرى غەربتىن كېلىپ خىزمىتىڭگە جان تىكىدۇ. بەخت ئىشىكىڭگە كېلىپ خىزمەت قىلاي دەپ ئۈمىد بىلەن ئىنتىلمەكتە. پۈتۈن جاھان تۆھپە كۆرسىتىش ئۈچۈن ھازىرلاندى. دۈشمەنلىرىڭ گۇمران بولۇپ بوينىنى ئەگدى، توغرا قانۇنۇڭ جاھاننى تىنچلاندۇردى. توغرا قانۇن بىلەن خاقاننىڭ نامىمۇ جاھانغا تارالدى. كىم بەختنىڭ يۈزىنى كۆرۈش تىلىكىدە بولسا، تەشنالىق بىلەن خاقانىمىزنىڭ يۈزىگە باقسا بولىدۇ. ئەي جاھان ئەھلى، ئەگەر جاپا - مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ۋاپا ۋە بەختنى تىلەيدىكەنسەن ۋاپادار خاقانىمىزنىڭ يۈزىنى كۆرگىن، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى ۋاپادارلىقتىن نەمۇنىدۇر. زىيان

ئاسارىتىدىن پايدا گۈلىستانىغا كىرەي دېسەڭ، ئۇنىڭ
ھۇزۇرىغا كېلىپ جان تىكىپ خىزمىتىنى قىل، شۇندا
دىلىڭ ئىللىقلىقتىن ھۇزۇرغا تولىدۇ. خاتىرجەملىكنى
كۆرۈش تىلىكىدە بولساڭ كەل، ئالىيجاناب، مۇلايىم،
شەپقەتلىك، ئاق كۆڭۈل خاقانىمىزنى كۆرگىن».

يۇسۇپ ئوتلۇق قەسىدىسىنى ئوقۇماقتا، ئوردا
ئەھلىنىڭ قەلبىدە زىلزىلە پەيدا قىلدى، ئۇلار
ئىختىيارسىز ھالدا تىز پۈكۈشۈپ تاۋغاچ بۇغراخانغا باش
قويۇشتى. تەڭرىدىن ئامانلىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەشتى.
يۇسۇپ ئۇلۇغ تىلەكلىرىنى تەڭرىنىڭ ئىختىيارىغا
تاپشۇردى: «ئەي ياخشى خۇلقلۇق، ئېسىل نەسەبلىك
خاقانىم، بايات ساڭا تاج - تەخت بەردى. باياتنىڭ نامىنى
مىڭ مەرتىۋە ئاتاپ شۈكرى قىلغىن، بۇ دۇنيا سېنىڭدىن
قۇرۇق قالمىسۇن، ئاتاڭنىڭ ئورنى ۋە نامى ساڭا قالدى.
بۇ نام ۋە ئورۇن تۈمەن مىڭ يىللار داۋاملاشسۇن. ئەي
رەببىم، خاقانىمىزنىڭ دۆلىتىنى زىيادە، تىلىكىنى تەل
قىلغىن، بارلىق ئىشىدا ئۇنىڭغا يۆلەك بولغىن.
دوستلىرىنى ئامان، دۈشمەنلىرىنى خار قىل. شادلىقىنى
ئاشۇرۇپ، قايغۇدىن يىراق قىل. ساخاۋەت يامغۇرىنى
ياغدۇرۇپ، بەخت چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرۇشقا، قۇرۇغان
دەرەخلەرنى كۆكەرتىپ مول مېۋىلەرنى بېرىشكە نېسىپ
قىلغىن. پەلەك چاقى داۋاملىق ئوڭ ئايلىنىپ تۇرسۇن،
دۈشمەنلىرىنىڭ بېشى قايرىلىپ داۋاملىق تۆۋەن تۇرسۇن.
قىيامەت قايىم بولۇپ، قوڭۇر يەر مىستەك قىزارغۇچە،
ئوتتا گىياھلار كۆيۈپ چېچەكتىن قالغۇچە، خاقانىمىز
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، بەخت ھۇزۇرىنى سۈرسۇن،



ئالىيلىرىنىڭ يەنە قانداق ئۇلۇغ تىلەكلىرى بولسا تەڭرى
قوللىسۇن، خاقانىنىڭ ئىنلى ئاسايىشلىقتا، شاد خۇراملىقتا
ئۆتسۇن، خاقانىمىزنىڭ يېشى لوقمان يېشىدەك ئۇزۇن
بولسۇن».

بۇ چاغدا بۇغراخان تەختتىن تۇرۇپ يۇسۇپ ۋە پۈتۈن
ئوردا ئەھلى بىلەن تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ قول
كۆتۈرۈشتى. پۈتۈن كائىنات ۋە ئەل - جامائەت ئۇلۇغ
تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ قەسىدە ئېيتماقتا ئىدى.

«يارىتىلغان بارلىق نەرسىلەر ئۇلۇغ باياتقا موھتاج،
تەڭدىشى يوق تەڭرىم سەنلا ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەس.
ئەي ئەركىلىك، قۇدرەتلىك، مەڭگۈ موھتاجسىز بايات،
ئۇلۇغلۇق ۋە بۈيۈكلۈك ساڭىلا خاس، ساڭا تەڭلىشەلەيدى-
غان ھېچقانداق تەڭداش يوق. ھەرقانداق مەۋجۇدات
يوقىلىدۇ، سەنلا مەڭگۈ تىرىكسەن. ئەي قۇدرەتلىك بايات
مۇسۇلمانلارنىڭ بەختى ئۈچۈن خاقانىمىزنىڭ ئۆمرىنى
ئۇزۇن قىل. خاقانىمىزنىڭ ياخشى قىلىقلىرى ۋە ياخشى
ئىشلىرىنىڭ ساۋابىنى نەچچە ھەسسە كۆپەيتكىن،
مەملىكىتىمىزنى ئامان قىلىپ ئۆز پاناھىڭدا ساقلا».

پۈتۈن ئوردىدىن ئامىن، ئامىن دېگەن سادا پۈتۈن
قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىنى قاپلىدى، پۈتۈن تاغ ۋە
داللاردىن، يېزا - قىشلاقلاردىن «ئامىن» دېگەن ندا
ئاڭلىنىۋاتقاندەك ئىدى.

يۇسۇپ بالاساغۇنى ئورنىدىن تۇردى. قەسىدىسىنىڭ
مۇنۇ بېيىتلىرى بىلەن تەڭداشسىز سوۋغىسىنى تاۋغاچ
بۇغراخانغا ئىككى قوللاپ تۇتتى:

قىممەتلىك سوۋغات تۇتتى مىڭ - مىڭچە قول،
قۇتادغۇبىلىكتۇر مېنىڭ سوۋغام ئول.
ئۇلارنىڭ سوۋغاتى كېلەر ھەم كېتەر،
مېنىڭ بۇ سوۋغاتىم تا مەڭگۈ قالۇر.
نەچچە يىغسا دۇنيا تۈگەيدۇ يوقاپ،
قالۇر سۆز پۈتۈلسە، جاھانغا تاراپ.
كىتابقا يېزىلدى بۇ خاقان ئېتى،
بۇ ئات، ئەي ھۆكۈمدار، قالار شۇ پېتى.

بۇغراخان ئىنتايىن شادلانغانىدى. بۇ قىممەتلىك سوۋغا تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغانىدى. گەرچە ئۇ يۈسۈپ بالاساغۇنى تەرىپىدىن بىر بۈيۈك ئەسەرنىڭ ساپ بۇغراخان تىلى بىلەن يېزىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىگە قانداق ھېكمەتلەرنىڭ سىغدۇرۇلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئەمدى ھېس قىلدىكى يۈسۈپ ئۆزىگە سۇنۇۋاتقان بۇ سوۋغا بەلكىم پۈتۈن ھاياتى ئۆچۈن ئەڭگۈشتەر بولالىغۇدەك، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد دەستۇر بولۇپ قالىدىغاندەك بىر تۇيغۇغا كەلتۈردى. بۇغراخان تەختىن تۇرۇپ، يۈسۈپنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆز قولى بىلەن بۇ ئەڭگۈشتەرنى قوبۇل قىلدى. ئوردىدا ھازىر بولغانلار بۇغراخاننىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇشتى.

بۇغراخان ھال رەڭ تاۋارغا ئورالغان بۇ سوۋغىنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئاچتى، كۆزىگە ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن مۇبارەك ئىسىم



ئوتقاشتەك تاشلاندى. ئۇ ئەمر قىلدى:

— يۈسۈپ بالاساغۇنىغا زەر تون كىيگۈزۈلسۇن ھەم كاتتا ئىنئام بېرىلسۇن.

ئىشىك ئاغىسىغا ئەگىشىپ تۆت مۇلازىم شاھانە تون ۋە ھەربىرىدە 250 دىناردىن پۇل قويۇلغان تۆت پەتنۇسنى كۆتۈرۈشۈپ قاتار تىزىلىشىپ تۇرۇشتى. بۇغراخان كېلىپ ئىشىك ئاغىسىنىڭ قولىدىكى زەرلىك تونىنى ئېلىپ كېلىپ ئۆز قولى بىلەن يۈسۈپكە كىيگۈزدى. تۆت پەتنۇس دىنار ئالدىغا قويۇلغاندا، يۈسۈپ بۇغراخاننىڭ ھىممىتىگە چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۆزرە ئېيتتى:

— ئالىيلىرى، مەن خاقانلىقىمىزدا ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم، تەربىيەت ئېلىپ يېتىشتىم. مېنىڭ سوۋغام ھەرگىزمۇ ئەمەل - مەنسەپ تەمەسى ۋە ياكى ئىقتىسادىي مەنپەئەت زوقىدىن ئەمەس، خاقانىمىزنىڭ ئامانلىقى، ئەلنىڭ خاتىرجەملىكى مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئىنئام.

# بۇغراخاننىڭ ھىممىتى چەكسىز

نورۇزنىڭ 9 - كۈنى. نورۇز شادلىقىغا تولغان ئەل تۆرلۈك سەيلى - ساياھەت، مەشرەپ، مۇشائىرە كېچىلىكلىرىنى ئۆتكۈزۈشتى، نۇرغۇنلىغان نورۇزنامىلار يېزىلىپ ھاياتلىق كۈيلەندى، تەڭرىدىن بەخت تىلەكلىرىنى تىلەشتى، يېزا - قىشلاقلاردا ھەم چەۋگەن توپلىرى، بەيگە مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ چەۋەندازلار ۋە مەرگەنلەر تاللاندى. ئۆكۈز سوقۇشتۇرۇش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش مۇسابىقىسى ئەۋجىگە چىقتى. ئايماقلار بويىچە پالۋانلارنى تاللاش ئۈچۈن قەشقەردە كەڭ كۆلەملىك چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، پالۋانلار تاللاندى. تاللانغان چەۋەندازلار، مەرگەنلەر ۋە پالۋانلار نورۇزنىڭ 9 - كۈندىكى چوڭ مۇراسىمدا بۇغراخاننىڭ تارتۇقلىشىغا مۇيەسسەر بولۇشاتتى.

ھەسەن بۇغراخان نورۇزنىڭ ئۈچىنچى كۈنىدىن باشلاپ زور ئىخلاس ۋە ھەۋەس بىلەن، «قۇتادغۇبىلىك»نى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئەسەر ئىچىگە شۇنداق مەپتۇنلۇق بىلەن كىرىشىپ كەتتىكى، غىزالىنىشىنىمۇ ۋە ئۇيقۇنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن بۇنداق كامالەت ئىگىسىنىڭ خاقانلىقىدىن چىقىپ ئۆزىگە يانتاياق بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش جەھەتتىكى



ئىقتىدارىنىڭ تېخى يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. بىراق ئۇ بىر خاتىرجەملىككە ئېرىشكەنىدى. يېنىدا ئۇلۇغ تۆرككە ئوخشاش دانىشمەن ئۇستازلارنىڭ، بىلگە تۇنيۇقۇقتا ئوخشاش دانا مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بولغانلىقى بىلەن ئىشەنچكە تولدى. «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ شۇنچە زور شان - شەرەپ قۇچۇپ، دۇنيانى تەسەررۇپقا ئېلىشىدا ئەرستۇدەك ئۇلۇغ ئۇستازلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەسمىدى» دۇنيا تارىخىدا قايسى بىر پادىشاھ ساداقەتمەن ۋەزىر، دانا مەسلىھەتچىلىرىسىز ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇتۇقلۇق قىلالىغان؟ ! ئەتراپىمدا قول باغلاپ تۇرغان ئادەملەر كۆپ، بىراق يارامىلىقلىرى تولىمۇ ئاز. بەگلىك ئىشى تولىمۇ نازۇك ئىش، ئۇنىڭ ئىشىمۇ كۆپ، باش ئاغرىقىمۇ تولا. بۇ ئىشلارنى جايىدا، كۆڭۈلدىكىدەك ئادا قىلىپ كۆڭۈلنى يورۇق قىلىدىغان، قولنى سوۋۇتىدىغان پاراسەتلىك ئادەمنى تېپىش تولىمۇ قىيىن ئىكەن. ئەلنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئۆزۈملا قىلىپ ئايىغىغا چىقالمايمەن، ماڭا ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، ئەقىل ۋە بىلىمدە ھەممىگە باش بولالايدىغان تاللانغان پاراسەت ئىگىسىدىن بىرى ئىش بېشى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆز ئىشىغا سادىق، ئىشەنچلىك، دىلى بىلەن تىلى بىردەك، بارلىق ئىچ - سىرىمنى ياخشى پۈتتۈرۈپ پەم ئېتەلەيدىغان ئادەملەرگە ئېرىشەلىسەم ئاندىن ئەلنى روناق تاپتۇرالايمەن. شۇنداق ياخشى ياردەمچىگە ئېرىشەلىسەملا باش ئاغرىقىم ساقىيىپ، قانۇن - تۈزۈم ئوبدان يۈرۈشىدۇ.

ھەسەن بۇغراخاننىڭ تەبىئىتى خېلى دۇرۇس ئىدى،

قارنى - كۆكسى كەڭ، كۆزى توق، مىجەزى مۇلايىم، سۆز ھەرىكىتى چىن خان ئىدى. ئۇ ھەرقاچان ئەلنىڭ غېمىنى قىلاتتى، ئەلنى روناق تاپتۇرۇپ تەڭرىنىڭ چەكسىز رەھمىتىگىمۇ شۈكرىسىنى ئادا قىلىشنى، ئەجداتلىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاپ يۈزىنى يورۇق قىلىشنى ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆز ئەتراپىغا سەرخىل ئادەملەرنى توپلاشتىن باشلىدى. كىم ئەقىلدە توشقان بولسا ئۇنى مۇھىم ئورۇنلارغا قويدى. كىم بىلىمدە كامالەت تاپقان بولسا، ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئەزىزلىدى. بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت مەنىۋى بايلىققا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ جاسارەتكە كەلدى، ئالدىنكى يالغۇزسىراش، ئەنسىرەشلىرىگە خاتىمە بېرىپ، يۈرەكلىك ھالدا ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىشقا باشلىدى. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مۇنۇ مەزمۇندىكى دەۋەتلەرنى قايتا - قايتا ئەسلەپ ئۆزىگە دەستۇر قىلماق بولدى: «ئادەم ئۈچۈن ھوشيارلىق ھەممىدىن مۇھىم، بەگلىك ئىشىدا تېخىمۇ شۇنداق. ئەلنىڭ تەقدىرى، سەلتەنەتنىڭ ئۇزۇن داۋاملىششى ئاشۇنداق ھوشيارلىققا باغلىق. بىغەم ئادەملەر غاپىل كېلىدۇ، دۈشمەن باستۇرۇپ كەلسە ئاۋۋال غاپىللار ئۆلىدۇ. سەگەكلىك بىلەن دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، پاراغەتتە ئەل سورىغانلارنىڭ نىمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: ھەي جاھان سورىغۇچى، ئەل سورايمەن دېسەڭ ئېھتىياتچان بول، ئېھتىيات قىلماق شەرىئەت ھۆكمىدىمۇ بارغۇ؟ بىخۇدلۇق ئەلگە ئاپەت، ھوشيارلىق ئەلگە سائادەت كەلتۈرىدۇ. ئەلنىڭ بەختى بەگنىڭ بەختى. . . بەگلىكنىڭ ئاساسى تۈزلۈك، دۇرۇسلۇق



ئۈستىگە قۇرۇلغان، دۇرۇس نەرسىلەر ئىگىلىدىغان بولسا قىيامەتنىڭ قايىم بولغانلىقى شۇ. ئادالەت سۇ، ئۇ نەگە بارسا نېمەت ئۈنىدۇ، زۇلۇم ئوتتۇركى ئۇ نەدە تۇتۇن قوپۇرسا شۇ يەرنى قۇرۇتىدۇ. ئادالەتلىك خان ئىشلارنى ئادىللىق بىلەن بېجىرىدۇ، كىشىلەرنى يۇقىرى، تۆۋەن، بەگ، قۇل دەپ ئايرىمايدۇ، قانۇن خەنجەر مەسىللىك بولىدۇ، ھەرقانداق دەۋانى كېسىپ، كېسىپ بېجىرىدۇ، ھۆكۈم ۋاقتىدا ھەرگىز ئىككى خىيال بولمايدۇ. تۆرۈ ئالدىدا ئوغلى بولسۇن، يېقىن تۇغقىنى بولسۇن، يولۇچى، مۇساپىر ۋەياكى مېھمىنى بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش. دۆلەتنىڭ ئاساسى ئادالەت، تۆرۈ چىقارغۇچى ئادىل بولسا ئاندىن ھاياتلىق بولىدۇ، ئادىل بەگلەر بىزگە شۇنى تەۋسىيە قىلغان: دۆلەتنىڭ ھۇلى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئادالەت يولى — بەگلىكنىڭ ئاساسى. شۇڭا، تۆرۈنىڭ تۈۋرۈكى بولغان بەگ ئادالەت بىلەن ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلسا، ئاندىن تىلەك - ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ. . . ھەي ئىلىگ بۇ بەگلىكنى سەن ئۆزۈڭنىڭ خاھىشى بويىچە تارتىپ ئالمىدىڭ، بايات سېنى ئۆز پەزىلىتى بىلەن تاللاپ، ئەزىزلەپ بۇ بەگلىكنى ساڭا تاپشۇردى، بۇنىڭغا شۈكۈر قىل. دىلىڭنى تۈز، ئۆزۈڭنى پاك تۇتۇپ باياتقا سىغىن، خەلققە ئادىل، مېھرىبان بول، ھاۋايى - ھەۋەسلىرىڭنى ئەقىل بىلەن باسقىن، ۋۇجۇدۇڭنىڭ ساغلام بولۇشىنى خالىساڭ ھەۋەسنىڭ بويىنىنى كەس. ئەقلىڭ نەپسىڭدىن غالىب كەلسە ۋۇجۇدۇڭ ئەگرىلىكتىن خالىي بولىدۇ. ھاۋا نەپسىنىڭ ھەر ئىككىلىسى دىن ئوغرىسىدۇر، شۇڭا، ھەرگىز ئۇنىڭغا

قۇل بولۇپ قالمىغايسەن... ھەي ئىلىگ خەلقىنىڭ ھەممىسى ئاغرىق، ئۇلار باياتىنىڭ ساڭا تاپشۇرغان ئامانىتى، سەن ئۆزۈڭنى ئۇلارنىڭ تېۋىپى دەپ قارا، ئۇ كېسەللەرنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ ساقايتمىساڭ ئۇنىڭ ئۇۋالى ساڭا بولىدۇ...»

ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخانغا بۇ ئەسەر ھاياتىدا ئېرىشكەن ئەڭ قىممەتلىك سوۋغاتلاردىنمۇ، ھەتتا تاج - تەختتىنمۇ بۈيۈك بىلىندى. «تۈركىي تىل بىلەن تېخى ھېچكىم بۇنداق پاساھەتلىك ۋە كامالەتلىك ئەسەرنى يېزىپ باقمىغان» دەپ ئويلىدى ئۇ. يۈسۈپ بالاساغۇنى ئۇنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى يۈكسەك ۋە ئالىيجاناب ئوبراز بولۇپ گەۋدىلەندى. «مەن تۈگىمەس ۋە يوقالماس بايلىققا ئېرىشتىم» دەيتتى ئۇ زوقمەنلىك بىلەن ئەسەرنىڭ ھەربىر سەھىپىسىگە قاراپ، مېنى مەڭگۈلۈك خەزىنىگە ئىگە قىلغان بۇ زاتقا ئەجرىسىگە، ساداقىتىگە ۋە پاراسىتىگە مۇناسىپ ئورۇن بەرمەسلىك بەگلىك ئۈچۈن بىر خورلۇق». بىراق، بۇغراخان بۇ خۇسۇستا خېلى كۆپ ئويلاندى، يۈسۈپنىڭ ئىقتىدارىنى قايسى ئورۇندا ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق باش قاتۇردى. يۈسۈپ بالاساغۇندىكى دىۋان مەھكىمىسىدە ناھايىتى ياخشى ئىشلىگەندى. دۆلەتنىڭ ئوبرازى، ئىلىگنىڭ نام - ئابرۇيى جازا مەھكىمىسىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ياخشى باشقۇرۇلۇشىغا باغلىق، ئۇ دۆلەتنىڭ گىر تېشى، تۆرۈ تارازىسىغا خىيانەت قىلسا ئەل خاراب بولىدۇ.

بۇغراخان يۇقىرىقىلارنى بىرقۇر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن كۆڭلىدە بىر قارارغا كەلدى.



ئارقىدىن تابۇغباشنى ھوزۇرىغا چاقىرتتى ۋە ئۇنىڭدىن:

— ئەتىدىكى تارتۇقلاش ۋە مەرتىۋىگە قويۇش ئىشى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى بۇغراخان ئەمر كۈتۈپ تۇرغان تابۇغباشىدىن.

— ئالىيلىرى، ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، شەھەرنىڭ يەتتە يېرىگە داشلار ئېسىلىپ ئاۋامغا بېرىلىدىغان ئاشقا تەييارلىق قىلىندى. ئايماقلاردىن تاللانغان پالۋانلار، چەۋەندازلار ۋە مەرگەنلەر، تۆھپىكارلار ھازىر بولدى، ئۇلارنىمۇ سارايلارغا ياخشى ئورۇنلاشتۇردۇق. جاكارچىلار شەھەر رەستىلەردە جاكارنى باشلىۋەتتى. پۈتۈن پۇقرالار ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە تەقەززا.

نورۇزنىڭ 9 - كۈنى. شەھەر رەستىلىرى سەھەردىلا پاكىز تازىلىنىپ، سۇ سېپىلىپ ئېرىغدالدى. كوچا - كوچا، مەھەللە - مەھەللىدىكى كېلىن - قىزلارمۇ جامائەت نامازدىن يانغۇچە ئىشىك ئالدىنى چىنىدەك تازىلىشىپ، ئۆيىنى ئۆيگە، مەھەللىنى مەھەللىگە ئۇلاشتۇرۇپ يېڭى قىياپەتكە كىرگۈزدى. بامداتتىن كېيىن، ئاتلىق ۋە پىيادە جاكارچىلار شەھەر رەستىلىرىنى ئايلىنىپ ئەلگە ئامانلىق تىلەشتى، بۇغراخاننىڭ ئەدلى ئادالىتىگە، پۇقراپەرۋەرلىكىگە تەڭرىدىن رەھمەت تىلەشتى، ھەممە ھۆددەيچىلەر:

— ھەي ئەھلى جامائەت، ئۇلۇغ خاقانلىقىمىزنىڭ ئاموخاس پۇقرالىرى، سېخىي خاقانىمىز بۇغراخاننىڭ ئەمرى، كۆكلەم بايرىمىنى ئۆزىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن كاتتا تارتۇقلاش ۋە مەرتىۋىگە قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، شەھەرنىڭ يەتتە يېرىدە جامائەتكە ئاش

تارتىلىدۇ، ۋاقىپ بولغايسىلەر. خاقانىمىزنىڭ ھىممىتىگە دۇئا قىلغايسىلەر، دەپ جاكارلاشتى.

سەھەردىلا شەھەر قوۋۇقلىرى داغدام ئېچىۋېتىلدى. تەرەپ - تەرەپتىن ئادەم ئېقىمى توققۇز قوۋۇقتىن شەھەرگە سەلدەك ئاقماقتا ئىدى. ئادەم ئېقىمى ئوردا ئالدىدىكى كەڭرى ھېيتگاھ مەيدانىغا توپلىنىشماقتا. مۇنار ئۈستىدە ناغرا سۇنايچىلار شادلىق كۈيلىرىنى ئەۋجىگە چىقارغىلى تۇردى. شوخ ساماچىلار ئۆزلىرىنى تۇتالماي گۈپۈلدەپ ساما ئويسۇلىغا چۈشتى. ساماچىلارنىڭ بىر ئوڭغا، بىردە سولغا ئايلىنىپ پىلدىڭلاپ بىر رىتىمدا ئوينىشى بىر تەرەپتىن ئۆملۈك ۋە ھەمدەملىكنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن پەلەكنىڭ بىردە ئوڭ بىردە سول ئايلىنىپ تۇرىدىغان قىسمەت غىلدىرىكىنى ئەسلىتەتتى.

مەيداننىڭ غەرب تەرىپىگە ھېيتگاھ جامەسىگە يۆلەپ شەرققە قارىتىپ تەخت راسلانغانىدى. توققۇز قوۋۇقنىڭ ئۈستىدىن تارتىپ ئوردا ئۆگزىلىرىگىچە ھەر خىل رەڭدىكى تۇغلار قادالغان. سەھنىگە راسلانغان تەختنىڭ ئىككى تەرىپىدە ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنى كىيىشىپ، قىلىچ - نەيزە تۇتقان ياساۋۇللار سەپ تارتىپ تىزىلىشقانىدى. بىر ھازادا چەۋەندازلار ئارغىماقلىرىغا مىنىپ، تاللانغان ئوقياچىلار ياراغلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، چىلىشچىلار بەلباغلىرىنى باغلىشىپ سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تەق بولۇپ تۇرۇشتى.

— ھەي ئەھلى جامائەت، ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ پۇقرالىرى، تەڭرى ئەزىز كۆرگەن ۋە بىزگە باشپاناھ قىلغان ئادالەتلىك خاقانىمىز بۇغراخان ئەبۇئەلى ھەسەن



ئالىيلىرى خانلىقىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق پۇقرالارغا سالام يوللايدۇ، — دەپ جاكار قىلدى پېشقەدەم ئۇلۇغ خاس ھاجىپ بەگتاش.

مەيداندىكى كىشىلەر گۇررىدە تەۋرەپ نەزىرىنى تەخت تەرەپكە ئاغدۇرۇشتى. ياغاچتىن قۇرۇلغان توققۇز پەلەمپەيلىك تەختنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان كۇمۇشتىن ياسالغان ئۈچ پۇتلۇق كۇرسىنىڭ ئۈستىدە ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىدەك بىر نۇرلۇق سىيما پەيدا بولدى. ئۇ شاھانە تونلارنى كىيىپ، بېشىغا ئەنئەنە بويىچە ئالتۇندىن ياسالغان، زۇمرەت رەڭلىك گۆھەردىن كۆز قويۇلغان شاھلىق تاجنى كىيىپ ھازىر بولدى. بۇغراخاننىڭ سول قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىدىكى گۆھەردىن كۆز قويۇلغان ئۈزۈكمۇ يۇلتۇزدەك جۇلالىناتتى.

— شاھىمىزنى ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، مۇبارەك تەنلىرى ئامان بولسۇن، سەلتەنەتلىرى مەڭگۈ داۋاملاشسۇن، — دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى مەيدانغا ھازىر بولغان ئەل - جامائەت.

بۇغراخان ئۈچ پۇتلۇق كۇرسىتىن تۇرۇپ ئەل - جامائەتنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى:

— ھەرقايسى يۇرت ئايماقلاردىكى ئەمىر بەگلەر، ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگلەر، پۇقرالىرىم، كۆكلەم بايرىمىڭلارغا قۇتلۇق بولسۇن. ھەممىمىزنى تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن.

— ئامىن، ئامىن. . . — مىڭلىغان ئاۋازلارنىڭ «ئامىن» ساداسى ئەرشكە يەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغ ھاجىپ مۇراسىمنىڭ كۈن

تەرتىپى بويىچە، چەۋەندازلار، پالۋانلار، مەرگەنلەرنى بۇغراخاننىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇدى. ئۇ باھادىرلار سەپ بولۇپ تەختنىڭ ئالدىدىن ھەيۋەت بىلەن ئۆتۈشتى. ئارقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، ئوقياچىلار ھالقىدىن ئوق ئۆتكۈزۈش ماھارىتىنى كۆرسىتىشتى. بىر مەيدان چېلىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ماھارەت كۆرسىتىلدى. ئاندىن تارتۇقلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەربىر باھادىرغا بۇغراخان ئىنئام قىلغان تونلار كىيگۈزۈلدى، ھەربىر پالۋانغا 50 دەرھەمدىن 100 دەرھەمگىچە ئاقچا مۇكاپات بېرىلدى.

باھادىرلار مۇكاپاتلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئايماقلارغا قويۇلغان، ئۆستۈرۈلگەن ۋە ئالماشتۇرۇلغان ئايماق باشلىرىنىڭ ئىسىملىرى ئوقۇپ ئۆتۈلۈپ، ئۇلارغا ئەمەلدارلىق تونلىرى كىيگۈزۈلدى.

— ھازىر بۇغراخان ئالىيلىرى ئوردىغا تەيىنلەنگەن ۋە تولۇقلانغان ئەمىرلەرنى مەرتىۋىگە قويۇش ئەمرىنى چۈشۈرىدۇ، — دەپ جاكارلىدى خاس ھاجىپ.

بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئورنىدىن تۇرۇپ يارلىق چۈشۈردى. ئۇ بىرەيلەننى سوباشىلىققا (قوشۇن قوماندانلىقىغا)، بىرەيلەننى خەزىنىدارلىققا، يەنە بىرەيلەننى ئاشباشىلىققا تەيىنلىدى. بىرقانچە كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىن:

— يۈسۈپ بالاساغۇنى سەھنىگە ھازىر بولسۇن، — دەپ جاكارلىدى.

— ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ ئەمرى، يۈسۈپ بالاساغۇنى



سەھنىگە ھازىر بولغاي.

بۇ جاكار بىلەن تەڭ سانجاق - سانجاق كىشىلەر بىلەن قاپلانغان ئادەملەر توپى ئارىسىدىن ئۆتۈپ مەغرۇر قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقان يۈسۈپكە ھەممىنىڭ دىققىتى مەركەزلەشتى. كۆزلىرىدىن ئۈمىد ۋە ئىشەنچ نۇرى چاقناپ تۇرغان، مەڭزىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، يارىشىملىق ساقال - بۇرۇتلىرى ئەرلىك سالاپىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان ئوتتۇرا بوي بۇ ئادەم بەخت پەرىشتىسىدەك ئەل - جامائەتنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، نەيزە - قالقانلار بىلەن ئىككى ياندا رەتلىك سەپ تارتىپ تۇرغان ياساۋۇللارنىڭ ئالدىدىن يۈرۈپ تەختكە قاراپ يېقىنلاشماقتا ئىدى. يۈسۈپنىڭ ئىككى يېقىدا تۇغ كۆتۈرگەن ئىككى مۇلازىم ھەمراھ ئىدى. ئوردىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى، قەلەمدار ۋە ئەلەمدار بەگلەر گىلەم سېلىنغان چوڭ سۇپىدا ھازىر ئىدى. يۈسۈپ تەختكە يېقىنلاشقاندا جاكارچى خەۋەر قىلدى:

— خانىمىزنىڭ ئەمرى بىلەن يۈسۈپ بالاساغۇنى ھازىر بولدى.

يۈسۈپ بالاساغۇنى ھەسەن بۇغراخان ئولتۇرغان تەختتىن 9 قەدەم نېرىدا توختاپ، قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ ئېگىلىپ سالام بەردى:

— ئەلنىڭ باشپاناھى، ئادالەتلىك ئىلىككە بايات يار - يۆلەك بولسۇن، قۇللىرى ئەمىرلىرىگە تەييارمەن.

بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن يۈسۈپنىڭ سالىمىنى ئورنىدىن تۇرۇپ قوبۇل قىلدى.

— خانلىقىمىز ئەزەلدىن قابىلىيەت ئىگىلىرىنى قەدىرلەپ كەلگەن، ئۇلارغا تېگىشلىك ئورۇن بېرىشنى دۆلەتنىڭ مۇھىم قانۇنى قىلغان. چۈنكى، دۆلەت ساداقەتمەن ۋە قابىلىيەتلىك كىشىلەر بىلەن روناق تاپىدۇ. يۈسۈپ ساداقەتمەنلىكتە ئۈلگە، ئەقىل - پاراسەتتە نەمۇنە بولالايدۇ. شۇڭا، مەن ئۇنى تۆرۈ (قانۇن) ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھاجىپلىققا تەيىنلىدىم.

جاكارچىلار بۇغراخاننىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەندە ئەل - جامائەت تەۋرەپ كېتىشتى. ئوردا ئەھلىمۇ بۇنىڭدىن ھەيران بولۇشتى.

— يۈسۈپكە ئەمەل تونى كىيگۈزۈلسۇن.

تابۇغباشى پەتنۇسقا قويۇلغان بىر قۇر زەرلىك تون ۋە ئالدى تەرىپىگە ھاجىپلىقنىڭ نىشانىسىنى كۆرسىتىدىغان كۆز قويۇلغان باش كىيىم قويۇلغان بىر يۈرۈش كىيىمنى ئېلىپ كەلدى. بۇغراخان تەختتىن چۈشۈپ، ئۆز قولى بىلەن يۈسۈپكە تونىنى كىيگۈزدى ۋە قۇچاقلاپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، يۈسۈپنىڭ قولىدىن تۇتۇپ توققۇز پەلەمپەيلىك تەخت ئۈستىدە ئورۇنلاشتۇرغان ئۈچ پۇتلۇق كۇرسىنىڭ يېنىدا ھازىرلانغان ئورۇندا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

بۇ خىل زور ئىلتىپاتتىن تەسىرلەنگەن خەلق «ئامىن، ئامىن» دەپ بۇغراخانغا دۇئا قىلىشتى. بەزى ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ خىل زور ئىمتىيازغا نىسبەتەن بىرئاز قىسلىقى كېلىشتى.

بۇ خاسىيەتلىك مەرىكىنى تەبرىكلەپ سۇناي ۋە ناغرىچىلار ئەلنەغمىنى باشلىۋەتتى، كىشىلەر ھاياجان بىلەن ئۇسسۇل ۋە ساماغا چۈشۈپ تەنتەنە قىلىشتى.



# مۇھىم ۋەزىپە

يۈسۈپ ئوردۇكەنتتە ھاجىپلىق ئورنىدا ئولتۇرۇپ قاراخانىيلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرى سۈپىتىدە ئىشقا كىرىشىپ كەتكىلىمۇ بىرقانچە ئاي بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ جەرياندا تۆۋەندىن داد ئېيتىپ كەلگەن نۇرغۇن پۇقرالارنى قوبۇل قىلىپ خېلى كۆپ ئەرزلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدى. بەزىلىرىنى شەرئى مەھكىمىسىگە ھاۋالە قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتتى، بەزىلىرىنى ئۆزى قول تىقىپ ئىشلىدى، بەزىلىرىنى بولۇق ئۇلۇغ خاس ھاجىپ ئارقىلىق بۇغراخانغا مەلۇم قىلىپ، كېڭەش بىلەن بىر تەرەپ قىلدى. ئۇ بۇغراخان تەقدىم قىلغان خانلىق ئېتى بىلەن ۋىلايەت ۋە ئايماقلارغا چۈشۈپ مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن نامۇۋاپىق ئەھۋاللارنى بايقىدى ۋە تەرتىپكە سالدى.

بىر كۈنى ھەسەن بۇغراخان قاراخان يالغۇز ئولتۇرۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن سىردىشىشنى دىلى تارتىپ قالدى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنى خاس ئۆيىگە ئۈندىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوۋۇقچىباشىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇغراخاننىڭ يېنىغا كىردى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردا قائىدىسى بويىچە بۇغراخانغا سالام بەرگەندىن كېيىن، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ، ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ،

قول باغلاپ تۇردى. بۇغراخان يۇسۇپ خاس ھاجىپنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، بۇغراخاننىڭ خاس ئوغلانى ئورۇن راسلاپ بەردى.

— سىزنى شاھمات ئويۇنىغا بەك ماھىر دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى بۇغراخان تەبەسسۇم بىلەن، — بىر ئىككى قول شاھمات ئوينۇغۇم كېلىپ قالدى.

— ئالىيلىرى، مەن نەچچە يىلدىن بېرى، شاھمات ئويناپ باقمىدىم. بۇ جەھەتتە ئالىيلىرىدىن كۆپ تەلىم ئالسام بولىدۇ.

ئاڭغىچە ئوغلان ئىشكەم دەپ ئاتىلىدىغان پۇتسىز بىر كىچىك شىرەنى ئېلىپ كېلىپ بۇغراخاننىڭ ئالدىغا قويدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھمات تاختىسىنى قويۇپ، بىر نەقىشلىك ساندۇقچىدىن كۈمۈشتىن ياسالغان شاھمات ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ تىزدى. بۇغراخان يۇسۇپ خاس ھاجىپنى ئىشكەمنىڭ يېنىغا كېلىشكە ئىشارە قىلدى.

شاھمات باشلىنىپ بىرقانچە ئۇرۇق ماڭا - ماڭمايلا بۇغراخان يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا سۆز ئېچىپ قالدى. بۇنىڭدىن بۇغراخاننىڭ مەقسەتلىك ئۇندىگەنلىكىنى بىلدى.

— ئويلىسام، ئالدىراشلىقتا، سىزنىڭ ئائىلە ئىشلىرىڭىزنى ئۇنتۇپلا قاپتىمەن، — دېدى بۇغراخان، قولىدىكى توپ ئۇرۇقنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — سىزمۇ ئىشقا بەك بېرىلىپ كەتتىڭىز، بىراق بالا - چاقىلىرىڭىز يەنىلا قۇز ئوردىدا. ھازىر ئىشلار خېلى ئىزىغا چۈشتى، مەن ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، بالا - چاقىلىرىڭىزنى ئوردۇكەنتكە ئېلىپ كەلسۇن.



— ئالىيلىرى، ئىلتىپاتلىرىغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت، مەنمۇ مۇشۇ ئىشنى ئويلىغان، ئالىيلىرى خۇددى كۆڭلۇمگە كىرىپ چىققاندەكلا بۇ گەپنى ئېچىپ قالدىلا، — دېدى يۇسۇپ خاس ھاجىپ مەمنۇنلۇقىنى ئىزھار قىلىپ، — ئەگەر ئۇنداق بولسا، ئۆزۈمنىڭ بېرىپ كېلىشىگە ئىجازەت بەرگەن بولسىلا، چۈنكى بۇ ئىش خۇسۇسىدا ئالىيلىرىغا دەيدىغان يەنە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى.

بۇغراخان، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ كۆزىگە قاراپ، باش ئىشارىسى ئارقىلىق «نېمە ئىش ئىدى، ئېيتقىن» دېگەن بېشارەتنى بەردى.

— بۇ ئىش مېنىڭ شەخسىي ئىشىم بىلەن مۇناسىۋەتسىز، مەن ئالىيلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر ئۆتۈنۈشۈمنى تىلمەكچى. ئالىيلىرى پاك، ساداقەتمەن ئىقتىدار ئىگىلىرىنى قەدىرلەۋاتىدىلا. نۇرغۇن ئىلىم ئىگىلىرى ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشكە، ئالىيلىرىنىڭ قۇللۇقىنى قىلىشقا تەقەززا. بىراق، قۇز ئوردۇ تاغلىرىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان، ئالىيلىرىغا كېرەكلىك بىر زات بار. گەرچە ئۇ زات ئالىيلىرىغا ھەرقانچە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قارىسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئوردىدىن ئازار يېگەنلىكى سەۋەبلىك، ھاياتىنى تەرك ئېتىپ، نەچچە يىللاردىن بېرى، نەچچە ئونلىغان مۇخلىسلىرى بىلەن زاھىتلىق يولىنى تۇتقان. ئۇ بەك پەزىلەتلىك، دىلى ئويغاق، ئۆزىنى ياخشىلىققا ئاتىغان، ئىلىم بابىدا كامالەت تاپقان، ئۆز زامانىمىزدىكى سەر خىل كىشى ئىدى. ئەگەر ئۇ زاتنى ئېلىپ كېلىپ بىرەر مۇھىم

ئىشقا قويغان بولسىلا، بىر ئۆلۈش كۈچ بېرەتتى.

— بۇ ئۆتۈنۈشىڭىز بەك ياخشى بولدى، مەن مانا شۇنداق ئادەملەرنى ئىزدەپ يۈرىمەن، ئادەم بىلىملىك بولسىلا بولمايدىكەن، ئەقىل - پاراسەت ۋە ساداقەتمەنلىك مۇھىم ئىكەن. ئۇ كىشىنى ئېلىپ كېلىشكە كىمنى بۇيرۇساق، ئۇ زاتنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟

— بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرسىلا، مەن قۇزئوردۇدىكى چاغدا ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم پاراڭلاشقانىدىم، گەرچە ھەددىم بولمىسىمۇ، قايتىپ ئەل ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇشنى ئۆتۈنگەن بولسامۇ ئۇنىمىغانىدى، بۇ نۆۋەت يەنىلا ئۆزۈم بېرىپ دەۋەتلىرىنى يەتكۈزسەم، بەلكىم قوبۇل قىلىپ قالار، دېگەن ئۈمىدتىمەن. بىراق ئالىيلىرى ئۆز ناملىرىدىن بىر پارچە مۇبارەك بىتىك (مەكتۇپ) يېزىپ بەرگەن بولسىلا، مېنىڭ مىڭ ئېغىز ۋەز ئېيتقىنىمدىنمۇ ياخشى رول ئوينايتتى.

— ئىشنىڭ ئىلاجى شۇنداق بولىدىغان بولسا، يېزىپ بېرەي. بىراق مەكتۇپقا ھەممىنى يېزىپ بولغىلى بولمايدۇ، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈڭىزنىڭ ماھارىتىگە تايىنىپ ھەل قىلغايسىز.

ئوغلان دۈۋەت، قەلەم ۋە قەغەز كەلتۈردى. بۇغراخان بىتىك يېزىپ بولۇپ، ئەستايىدىل ئوراپ مۆھرىنى باسقاندىن كېيىن يۈسۈپ خاس ھاجىپقا سۇندى ۋە:

— ئۇنداق بولسا، بۇ ئىشنى ئۆزۈڭىزگە تاپشۇردۇم، قانداق زۆرۈر گەپ - سۆزلەر بولسا دەپ، قىلىشقا تېگىشلىك قانداق ئىشلار بولسا قىلىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشكە تىرىشقايسىز، بۇ گەپنى ئۆزۈڭىز چىقاردىڭىز،



ھەرگىز قۇرۇق قول قايتىپ كەلمىگەيسىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇغراخانغا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، مەكتۇپنى ئېلىپ ئوردىدىن چىقتى ۋە سەپەر تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن ئوغلان كەلتۈرگەن ئاتقا مىنىپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

* * *

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قۇزئوردۇغا بېرىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ۋە دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. بىر - ئىككى كۈن قۇتلۇقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. تۆتىنچى كۈنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى بىلەن بىرگە كەلگەن خاس ئوغلاننى ئەگەشتۈرۈپ، زاھىت توغرۇل ئەرۇڭقاشىنىڭ ئېتىكاپگاھىغا كەلدى. ئۇلارنى توغرۇلنىڭ بىر مۇرىتى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلارنى توغرۇلنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى.

ئىككى يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن بۇ دوستلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى، توغرۇل يۈسۈپنىڭ خاس ھاجىپ بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى. بۇنىڭدىن توغرۇلنىڭ ئۆزى تاغدا بولسىمۇ، كۆڭلىنىڭ يەنىلا ئەل - يۇرتتا ئىكەنلىكى ۋە ھەرقاچان ئەل - يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى.

— ئۆزۈم ئوردىدا بولسامۇ، ھەرقاچان سىزنىڭ غېمىڭىز كۆڭلۈمدە، بىر ئېۋەنسىز گۆھەرنىڭ ئەمەل ۋە تۆھپىسىز ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى قەلبىمنى

تاتلاپ كەلدى. قارىسام بىرئاز جۇدەپ قاپسىز، بىراق ئىرادىڭىز پۇكۇلمىگەندەك تۇرىدۇ. كۆڭلىڭىز قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ؟

— ئادەمگە نىسبەتەن سېمىزلىك بىر ئاپەت، تەقۋادارلىقنىڭ يولى، تەننى ئورۇقلىتىپ، روھنى كۈچلەندۈرۈش.

— ئەي قەدىرلىك دوستۇم، سىزنى كۆرۈپ كۆزلىرىم روشەنلەشتى، سالامەتلىكىڭىزنى كۆرۈپ دىلىم يورۇدى. بىراق، ئىشنىڭ يەنە بىر تەرىپىمۇ بار، ھەقىقىي دىن يولى زاھىتلىق ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ نەپسىدىن كېچىپ ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن جان تىكىش. ئەل سىزگە تازا موھتاج بولۇۋاتقاندا ئەلدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ خىلۋەتكە كىرىۋالسىڭىز تەڭرى بۇنى راۋا كۆرەمدۇ. بايات بىزگە ئىلىمنى ئەلنى روناق تاپتۇرۇش ئۈچۈن بەرگەن، ئەقىلمۇ باياتنىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ۋە ئۇنى شۈكرىسىنى قىلىش ئۈچۈن ئاتا قىلىنغان. باياتنىڭ «ئى مۆمىنلەر! ئاللا سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ھارام قىلماڭلار» دېگەن ئەمرىدە مانا مۇشۇنداق تەركىدۇنيا بولۇش ئارقىلىق ھالالنى ھارام قىلىش نەزەردە تۇتۇلغان ئەمەسمۇ؟ بايات ئۈچۈن بەندىلەرنىڭ بىلىملىك بولۇش، نادان بولۇش، تەقۋادار بولۇش ياكى كۇفۇرلۇق بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ پەرقى نېمە، بەربىر ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى يوقاتمايدۇ. بىراق، تەڭرىنىڭ يولىنى تۇتۇش، باشقىلارغا ياردەم بېرىش، مەنپەئەتلىك ئادەم بولۇش بەندىنىڭ تەڭرى ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچى ئەمەسمۇ؟ تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە



تەركىدۇنيالىق بىلەن شۈكرى ئېيتىپ بولغىلى بولامدۇ؟

زاھىت توغرۇل يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەتئىي تەلەپپۇزلىرىدىن بۇ قېتىم بىكار كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە:

— قارىغاندا، بۇ قېتىمقى مېنى زىيارەت قىلىش مۇددىئايىڭىز باشقا ئوخشايدۇ، قېنى ئوچۇقراق گېپىڭىزنى ئېيتقايسىز، — دېدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يېنىدىن بۇغراخاننىڭ مەكتۇپىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. زاھىت توغرۇل مۆھۈرلەنگەن خان مەكتۇپىنى قولىغا ئېلىپ، پىچەتنى ئېچىپ مەكتۇپنى ئوقۇدى. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«سۆزۈمنى ھەممىدىن قۇدرەتلىك، تەڭدىشى يوق، يېگانە باياتنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. قۇدرىتى چەكسىز باياتقا مىڭ مەرتىۋە مەدھىيىلەرنى ئوقۇيمەنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ چەكسىز مەرھەمىتى بىلەن بارلىق جانلىقلار ئۈچۈن رىزىق بەردى، قۇدرەت كامالى بىلەن يالغۇزنى توپىدىن يارىتىپ، ئۇنىڭغا روھ بەردى، بارلىق مەۋجۇداتتىن ئەزىز ۋە قۇدرەتلىك قىلدى. ئۇنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلىپ بولۇشتىن ئاجىزدۇرمىز.

ئەمدى مەندىن سىزگە سەممىي سالام. يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن تەرىپىڭىزنى ئاڭلاپ، جانابىڭىز بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكى قەلبىمنى ئىگىلىدى. ئاڭلىسام، زامانىنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى يۇدۇپ خىلۋەتتە ياشاۋېتىپسىز. قانداق خورلۇق ۋە ئەلەم كۈلپەتلەر سىزنى ھاياتتىن قول ئۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى؟ ياكى تائەت ئىبادەت ئۈچۈنلا تاغقا چىقىۋالدىڭىزمۇ؟ ئەگەر كۆڭلىڭىز زاماندىن ئازار تارتقان

بولسا، يېنىمغا كەلگەيسىز. مەن سىزنىڭ دىل يارىڭىزغا شىپا بولالايمەن؛ مۇبادا ئىبادەت ئۈچۈنلا تاغقا چىقىۋالغان بولسىڭىز، ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت مانا مۇشۇ يەردىن تېپىلىدۇ. ئەمەلسىز، مەنپەئەتسىز ئىبادەت پۈتۈنلەي بوشقا كېتىدۇ، شۇنچە زور ئەجىر قىلىپ ئىلىم تۆرىگە چىقىپسىز. ئەمدى ئۇنى ئەجىر بىلەن ئورۇنلۇق جايغا ئىشلەتكىنىڭىز تۈزۈك. ئۇ يەردە ئىبادەتنىمۇ كامالىغا يەتكۈزەلمەيسىز، ئىلمىڭىزنىمۇ ئىشلىتەلمەيسىز. خىلۋەتتە قىلغان تائەتىڭىز ناماز ئوقۇماق بىلەن، روزا تۇتماقتۇ، بەلكىم. ئەگەر شۇنىڭغىلا تەمەننا قويۇپ، باياتتىن رەھمەت كۈتىدىكەنسىز، بايات ئۇنداق ئىبادەتنى قوبۇل قىلمايدۇ. تائەت دېگەن نام - ئاتاق ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىش ئەمەس، زاھىتلىق نامى ئۈچۈن تاغقا چىقىۋالغان بولسىڭىز بۇ شەيتاننىڭ دامىغا چۈشكۈنىڭىزدۇر. تائەت دېگەننى يوشۇرۇن ھالدا پەقەت بايات ئۈچۈن قىلسا، ئاندىن دۇرۇس بولىدۇ. بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەيسىز، مەن جانابىڭىزغا باياتنىڭ رازىلىقى ۋە سىزنىڭ ئىككى دۇنيالىق سائادىتىڭىز ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرەي. تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بەختىنى كۆزلىگەيسىز، تەركىدۇنيالىق بىلەن دىنىڭىزنىمۇ، ئۆزۈڭىزنىمۇ خاراب قىلمىغايسىز. ئويلاپ كۆرۈڭ، ئەگەر ھەممە ئادەم ئىبادەت قىلىمەن دەپ تاغقا چىقىۋالسا، ھاياتلىق قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولىدۇ، ئىنسان بالىلىرىنىڭ يىلتىزى قۇرۇيدۇ. تەڭرى بۇنداق ئىبادەتكە موھتاج ئەمەس، ئۆزىڭىزنىڭ بەندىلىكىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئەل



ئارىسىدا ھالال ئەجرى بىلەن ياخشى نام قالدۇرغىنىڭىز تۈزۈك. بايات بارلىق بەندىلىرى ئۈچۈن ئىككى دۇنيا ياراتتى، بىرى بۇ دۇنيا، يەنە بىرى ئۇ دۇنيا. ئۇ دۇنيادا ھەم ئىككى ئۆي ياراتتى، بىرىنىڭ نامى جەننەت، يەنە بىرىنىڭ نامى دوزاخ. مىدىرلاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تىرىكلىك ئۈچۈن بىر ئۆمۈر چاپسىمۇ، ھەتتا تائەتنى تاشلاپ، مال دۇنياغا كېكىردىكىگىچە پاتسىمۇ، يەنىلا باياتنىڭ ئۇچمىقى (جەننىتى) بوش قالمايدۇ. شۇڭا، بايات بەندىلەرگە ئىككى كۆز، ئىككى قۇلاق، ئىككى پۇت، ئىككى قول بەردى، ئۇنىڭدىكى مەقسەت بىرىنى ئۇ دۇنياغا باقسۇن، بىرىنى بۇ دۇنياغا، بىرىنى ئۇ دۇنياغا باسسۇن، يەنە بىرىنى بۇ دۇنياغا دەپ. شۇڭا، توغرا يولدىن ئاداشمىغايسىز، تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمىگەيسىز.

ئەي دىلى روشەن كىشى، ئەقلىڭىزنى يۈگۈرتۈپ، تەكلىپىمنى ئويلىشىپ كۆرگەيسىز، بۇ مېنىڭ زورلىغىنىم ئەمەس ھەم ئۆزۈمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئەمەس، ئەلنىڭ مەنپەئىتى ھەم سىزنىڭ مەنپەئىتىڭىز ئۈچۈن يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلدىم. ئەگەر سۆزلىرىمنى توغرا تاپسىڭىز، قۇرۇق ھەۋەسنى تاشلاپ، يېنىمغا كېلىپ تۇرغايسىز.

سۆزۈمنى مۇشۇ يەردە توختىتاي، قالغان گەپنى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن ئاڭلارسىز، سىزنىڭ توغرا يولغا كىرىشىڭىزنى كۈتۈپ، جانابىڭىزغا سالامەتلىك ۋە ئامانلىق تىلەپ:

ھەسەن بۇغراخان»

توغرۇل ئەرۇڭقاشى بۇغراخاننىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇپ، بېشىنى ئىككى ئالىقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ بىر هازا ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ پۇرسەتتە يۇسۇپ خاس هاجىپ ھەقىقەت بىلەن يۇغۇرۇلغان سۆز تۇلپارىنى چاپتۇرۇپ، ئۇنىڭ روھىغا تېخىمۇ تەسىر قىلدى:

— ئۆزۈڭىزنى ئۇنداق قىينىماڭ. بۇغراخاننىڭ ئۈمىد - خاھىشى سىز ئۈچۈن پايدىلىق، ئۇ سىزنىڭ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشىڭىزغا سورۇن هازىرلىماقچى، ھەق يولىغا دەۋەت قىلماقچى. مېنىڭ ئارزۇيۇممۇ شۇ. بۇمۇ سىز ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت، بۇ دۇنيانىڭ بەخت - سائادىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، ياخشى نام قالدۇرۇپ كېتىش يامان ئىش ئەمەس. ئۇ دۇنياغا نېمىنى ئېلىپ كېتىسىز، تەڭرى هاياتلىقىڭدا نېمە ئىش قىلدىڭ دەپ سورىسا، سەن ئۈچۈن خىلۋەتتە تائەت قىلدىم، دەپ جاۋاب بېرەمسىز، باياتنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئىبادىتىگە موهتاج ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز. سىزنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىڭىز باياتنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش بولىدىغان بولسا، مۇرۇۋۋەتلىك ئىشلارنى قىلىپ، ئۇ دۇنيادىكى ئادىل تارازىدا ئېغىرراق كېلىشىڭىز كېرەك ئەمەسمۇ؟

ئاخىر توغرۇل «قانداق قىلسام بولار» دەپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ئارىسالدى بولماڭ دوستۇم، — دېدى يۇسۇپ خاس هاجىپ، — مەنمۇ باياتنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن، بەندىلىك قەرزىمنى ئاقلاش ئۈچۈن ياشاۋاتىمەن. نۇرغۇن ۋاقتىمىز بىهۇدە ئۆتۈپ كەتتى. ئەگەر ئىنسان هوشىنى بۇرۇنراق تاپقان بولسا، بايات ئاتا قىلغان شۇنچە بۈيۈك ئەقىل -



پاراستى بىلەن ئاجايىپ ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلىگەن بولاتتى. بىراق، نۇرغۇن ۋاقتىمىزنى غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىپتىكەنمىز، كېيىن ئۆكۈنگەن بىلەن هېچقانداق پايدىسى يوق ئىكەن، مانا هازىر يېشىمىز مەغرىبكە سۇرۇلدى. ئۇزۇن قالماي، هاياتلىق قۇياشىمىز پاتىدۇ. شۇڭا، تەۋەررۈك هاياتىمىزدا ئەل ئۈچۈن قۇدرىتىمىز يەتكۈچە بىرەر ياخشىلىق قىلىپ، ياخشى ئىزىمىزنى قالدۇرۇپ قويالىساق، يۈزىمىز بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ يورۇق بولىدۇ.

شۇنچە زور تىرىشچانلىقلاردىن كېيىن زاهىت توغرۇل ئاخىرى بىر قارارغا كەلدى ۋە:

— ئۇنداق بولسا، سىز هازىرچە قايتىپ تۇرغايسىز، بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، بىر هەپتىدىن كېيىن سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بارغايمەن، قالغان ئىشلارنى شۇ چاغدا مەسلىهەتلەشكەيمىز، — دېدى.

يۇسۇپ خاس هاجىپ بۇ ئىش بىلەن بىر ساۋابلىق ئىش قىلغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، زاهىت توغرۇلنى قۇچاقلاپ خوشلاشتى.

بىر هەپتىمۇ بولۇپ قالدى، بۇ جەرياندا يۇسۇپ خاس هاجىپ قۇز ئوردۇدىكى ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىپ، ئائىلىسىنى كۆچۈرۈشنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈۋالدى. ئايىغى ئۈزۈلمىگەن مېهماندارچىلىقمۇ يۇسۇپنى چارچىتىۋەتتى.

زاهىت توغرۇلنىڭ بەرگەن ۋاقىت مۆهلىتىمۇ توشقانىدى. شۇ كۈنى يۇسۇپ خاس هاجىپ خاس ئوغلانىنى ئىككى ئات بىلەن زاهىت توغرۇلنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن

ئەۋەتتى. ئۇلار ناماز شامدىن ئۆتكەندە كېلىشتى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ توغرۇلنىڭ شەرىپىگە قوي ئۆلتۈرۈپ چاي بەردى، بۇ يەنە بىر تەرەپتىن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ خۇشلىنىش چېيى بولدى. زاھىت توغرۇل چاچ - ساقاللىرىنى ياسىتىپ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ قويغان بىر قۇر يېڭى كىيىمنى ئۇچىسىدىكى زاھىتلىق تونىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھاياتلىق سېپىگە قايتىپ كەلگەندى.



## رەقىبلەر تېپىرلىماقتا

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن توغرۇل ئەرۋىڭقاشىنى ئېلىپ ئوردۇكەنتكە كېلىپ ئىككىنچى كۈنى ھەسەن بۇغراخانغا ئىشلارنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئەتىگەندە قوبۇلغا كىردى، ھەسەن بۇغراخان يۇسۇپنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئىشلارنى سورىدى. ئالدى بىلەن توغرۇلنى ئېلىپ كېلەلىگەن، كېلەلمىگەنلىكىنى سورىغاندا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ:

— ئالىيلىرى، ھەزرەتلىرى ئۇ زاتنى ئۇۋىسىدىن چىقىشقا چاقىرغاچقا، پەرمانغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولۇپ، تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلدى.

— قېنى ئۇنداق بولسا، ئۇنى ئېلىپ كىرىپ بىز بىلەن كۆرۈشتۈرگەيسىز، — دېدى بۇغراخان قىزىقىش بىلەن.

ئەسلىدە يۇسۇپ خاس ھاجىپ توغرۇلنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، تاشقىرىقى ئوردىدا قويۇپ، بۇغراخانغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن كىرگەنىدى. شۇڭا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەيلا توغرۇلنى باشلاپ بۇغراخاننىڭ خاس خانىسىغا كىرىشتى. توغرۇل بۇغراخانغا سالام بەردى ۋە رەسىم يوسۇن بويىچە ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ، ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قول باغلاپ يەرگە قاراپ تۇردى.

بۇغراخان ياستۇققا يېنىچە يۆلىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن ئۆرە بولۇپ تىك ئولتۇردى ۋە ناھايىتى قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە، توغرۇلنىڭ قىياپىتىگە بىر قۇر سەپسېلىپ چىقتى. كۆردىكى، ياداڭغۇ، ئوتتۇرا بويى بۇ ئادەمنىڭ ئانچە ئۇزۇن بولمىغان كەكە ساقىلى، كۆزى ۋە يۈزىدىكى نۇرنى كۆردى. ئادەمنىڭ ئىككى كۆزى ۋە يۈزى قەلبىنىڭ دېرىزىسى دېگەندەك، بىر ئادەمنىڭ كۆزى ۋە يۈزىگە بىر قاراش بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە پەزىلىتى توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە تەسىرات ئېلىش ئۈچۈن مۇئەييەن ئاساسقا ئىگە بولغىلى بولاتتى. شۇڭا، بۇغراخان ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا ئىجازەت قىلدى. يۈسۈپ بىلەن توغرۇل راسلانغان ئورۇندا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى.

— مەن سىزنىڭ ئارامىڭىزنى بۇزۇپ، ئۆزىمىز قۇتۇلۇپ بولالمايۋاتقان بالا گىردابىغا سىزنى بىللە سۆرەپ كىردىم. بۇنىڭغا دىلىڭىزدىن رازى بولدۇڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى بۇغراخان چاقچاق ئارىلاش مەنىلىك قىلىپ.

— ئالىيلىرى، مەن زاھىتلىق يولىنىمۇ ئۆز خاھىشىم بويىچە تۇتۇپ، جەندە كىيگەن، بۇ قېتىم يەنىلا ئۆزۈمنىڭ خاھىشى بىلەن ئالىيلىرىغا كەلدىم. ھەرقانداق يولنى ئۆزى خالاپ ماڭسا ئۇزۇنلۇقى بىلىنمەيدۇ، ھەرقانداق يۈكنى ئۆز خاھىشى بويىچە كۆتۈرسە ئېغىر بىلىنمەيدۇ. ھەرقانداق ئىشقا زورلىنىپ قالسا ئىشنىڭ ئاخىرى خەيرلىك بولمايدۇ. ھەق دەۋىتىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ھاكاۋۇرلۇق بولىدۇ. مانا ئەمدى ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىدا بولاي، شۇ ئارقىلىق تەڭرىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەي.



مۇشۇ تەقلىدتە بۇ ئۈچ گىگانت شەخس بىرەر سائەت چامىسىدا پاراڭلاشتى. بۇ جەرياندا بۇغراخان توغرۇل ئەرۇڭقاشنىڭ پاراسەت ئۇرغۇپ تۇرغان سۆزىدىن ھەقىقەتەن ئۆزىگە لازىملىق ئىقتىدار ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئەمىر بەگلەر قوبۇلغا ھازىر بولدى.

ئىشىك ئاغىسىنىڭ يەتكۈزگەن بۇ گېپى بىلەن بۇلارنىڭ گېپىمۇ ئۈزۈلدى. يۈسۈپ بىلەن توغرۇل ئالدى بىلەن ئورنىدىن قوپۇپ سىرتقا ماڭدى، بۇ چاغدا بۇغراخان:

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ، توغرۇلغا شەرقىي ھويلىدىن ئۆي راسلىتىپ قويدۇم، قوبۇلدىن كېيىن ئوغلان سىزلەرنى باشلاپ بارسۇن، ئىلباشى خانلىق ئاتلىرىدىن بىرنى جابدۇپ بېرىدۇ. قالغان ئىشلارنى سىزگە تاپشۇراي، توغرۇل ئەرۇڭقاشى زاھىتلىق تونىنى سالغاندىن كېيىن ئەمدى ئۆي - ئوچاقلىق بولسۇن، — دەپ كۈلۈپ كەتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «خوپ» دەپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ توغرۇلمۇ يەرگە قاراپ تەبەسسۇم قىلدى ۋە ئۆيدىن چىقماق بولۇشتى. بۇ ۋاقىتتا بۇغراخان:

— توغرۇل جانابلىرى، سىزمۇ بۈگۈنكى قوبۇلغا قاتناشقايسىز، — دەپ قوشۇپ قويدى. توغرۇل «خوپ» دەپ قوبۇل قىلدى.

ئوردىنىڭ ئادىتى بويىچە ھەر كۈنى چاي ۋاقتىدىن كېيىن، ئوردا ئەھلى خانغا كۆرۈنۈش قىلاتتى. بۇ جەرياندا

مۇھىم ئەمىر - پەرمانلار بولسا يەتكۈزۈلەتتى، ئەمىر بەگلەرنىڭ مەلۇماتلىرى، ئالدىنقى بىر كۈن ئەل ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللاردىن خاننى ۋاقىپلاندۇرۇپ تۇراتتى.

ئوردىنىڭ قوبۇلخانىسى. خوتەننىڭ ئوتقاشتەك زىلچىلىرى سېلىنغان، تورۇسى ۋاساجۇپ قىلىپ يېپىلغان، تاملار ئاق گەج بىلەن شۇنداق چىرايلىق نەقىش ئىشلىنىپ زىننەتلەنگەن قوبۇلخانىدا قاراخانىيلارنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئەمىر بەگلىرى ئۆز تەرتىپى بويىچە ئورۇن ئېلىپ قەشقەرنىڭ توقۇمىچىلىرىنىڭ قولىدىن چىققان گۈللۈك يىپەك رەختتىن ئىشلەنگەن يىكەندازلارنىڭ ئۈستىدە بۇغراخاننىڭ قوبۇلىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقانىدى. بۇ چاغدا يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن توغرۇل ئەرۈڭقاشى خان ئۆيىدىن چىقىپ قوبۇلخانىغا كىرىشتى. ئەمىر بەگلەرنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇشۇپ سالاملاشتى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن توغرۇل ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، تىنچ - ئامانلىق سوراشتى. ئەمىر بەگلەر يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن بىرگە قوبۇلغا كىرگەن يوچۇن كىشىگە بىر ئاز ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشتى. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئەمەل - مەرتىۋىنى ئىپادىلەيدىغان ھېچقانداق بىر ئالامەت كۆرۈنمەيتتى. كىيىملىرىمۇ ئانچە سالاپەتلىك ئەمەس ئىدى. بۇ ۋاقىتتا قۇۋۇقچىباشى كېلىپ توغرۇلنى مۇۋاپىق بىر ئورۇنغا ئېلىپ كېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئورۇن ئۇلۇغ ئۆگەنىڭ يېنىدىكىلا ئورۇن ئىدى. بۇ ئىش ئەمىرلەرنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.



— خان ئالىيلىرى قوبۇلغا كىردى! — دەپ مەلۇم قىلدى جاكارچى.

— خان ئالىيلىرىغا باياتتىن سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ قول باغلاپ سالام قىلىشتى ئەمىر بەگلەر.

ھەسەن بۇغراخان بەگلىك تونلىرىنى كىيىپ ئوچۇق - يورۇق ۋە جۇشقۇنلۇق بىلەن كېلىپ تەختتىن ئورۇن ئالدى:

— ئەمىرلىرىم، سالامەتمۇ سىلەر، ئەل - يۇرت تىنچ - ئامانمۇ؟

— ئەۋەلى باياتنىڭ رەھمىتى، ئاندىن قالسا ئالىيلىرىنىڭ ئادالەتلىك قانۇنى ۋە سېخىي قولىنىڭ بەرىكىتىدە ئەل - يۇرت تىنچ - ئامان، بودۇن (خەلق) ئالىيلىرىنىڭ شەپقىتىگە دۇئا قىلماقتا.

يۇقىرىقى رەسمىيەت تاماملانغاندىن كېيىن ھەسەن بۇغراخان ئەمىرلەرنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئىجازەت بەردى. ئارقىدىن ئۇلۇغ خاس ھاجىپ:

— ئوردىغا يېڭىدىن كىرگەن توغرۇل ئىبنى تارخان ئەرۈڭقاشى يارلىق ئاڭلىغاي، — دېدى. توغرۇل ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇغراخانغا يۈزلىنىپ، «خوپ» دەپ قول باغلاپ تۇردى.

— مەن توغرۇل ئىبنى تارخان ئەرۈڭقاشىنى ياندىش ئۆگەلىك ئورنىغا قويىمەن، — دەپ يارلىق بەردى بۇغراخان، — كۆڭلىنى توختىتىپ، ئەل ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ئالىيلىرىغا رەھمەت، تەڭرى بۇيرۇسا چوقۇم

ئۈمىدلىرىنى ئاقلايمەن.

بۇگۈنكى قوبۇل بىرقانچە بەگلەرنىڭ مەلۇماتنامىسى ۋە بۇغراخاننىڭ بەرگەن جاۋابى بىلەن ئاخىرلىشىپ ھەرقايسى بەگلەر خىزمەتلىرىگە كىرىشىپ كېتىشتى، بىراق توغرۇلنىڭ ياندىش يابغۇ سۇپىتىدە ئوردىغا كىرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ تەڭرى يولىنى تۇتۇپ زاھىتلىق قىلىۋاتقان زات ئىكەنلىكى، ئۇنى زورمۇ زور ئوردىغا كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا بەزى مۇتەئەسسىپ بەگلەرنىڭ كۆڭلىدە نارازىلىق قوزغالدى. بولۇپمۇ ئوردا ئىچىدە خېلىلا نوپۇزغا ئىگە بولۇپ تۇرۇۋاتقان سەئىد ئەۋلادى دەپ تونۇلۇپ مەلۇم ئىمتىيازغا ئىگە بولغان بىر تەبىقە بار ئىدى. گەرچە ئۇلارغا قاراخانىيلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئۆز نەسەبىدىن بولمىغان ھەرقانداق تەبىقە قانچىلىك ئىقتىدارلىق ۋە ئىمتىيازلىق بولغان تەقدىردىمۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرماسلىق قائىدىسى بويىچە ئوردىدا كونكرېت بىرەر ۋەزىپىگە قويۇلمىغان بولسىمۇ، دىنىي جەھەتتىكى تەسىرى يۇقىرى بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ چوڭ ئۆلىماسى مۇئاز ئىبنى ئابباس قوبۇلغا ۋە ئوردا كېڭەشلىرىگە قاتناشتۇرۇلاتتى. بۇگۈنكى قوبۇلدا ئۇ ئادەممۇ بار ئىدى. زاھىت توغرۇل ئەرۇڭقاشنىڭ خىلۋەتتىكى ئېتىكاپتىن قوزغىتىلىپ، ئوردىغا ئېلىپ كېلىنىشىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ۋە تەقۋادارلىق يولىنى تۇتقان تەقۋادار زاھىتلارغا نىسبەتەن بىر خەۋپ ھېس قىلىپ تېپىرلاپ كەتتى.

ئىشنىڭ كېيىنكى يۈزلىنىشى ھەقىقەتەنمۇ سەئىدلەرنىڭ ئىرادىسىنىڭ تەتۈرىسىدىن چىققىلى تۇردى.



كىتابخانىلارغا مەلۇم بولغاندەك، سوپىلىق ئىدىيىۋى ئېقىمى 9 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولغان. 11 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. بۇ ئىدىيىۋى ئېقىم ئىسلام يېپىنچىسىنى يېپىنىپ، ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىققاچقا، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان، ماھىيەت بۇرمىلانغان، ھاياتلىق قانۇنىيىتىگە مۇخالىپ كېلىدىغان زىيانلىق تەرەپلىرىنى كىشىلەر دەسلەپكى چاغلاردا تازا ھېس قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېقىم ناھايىتى تېز ئارىدىلا بىرقانچە سۇلۇكلەرگە بۆلۈنۈپ، ئۆزىنىڭ تەرغىباتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە بازارغا سېلىپ، كىشىلەرنى بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن قول ئۈزۈپ، پەقەتلا تەڭرى يادى بىلەنلا بولۇش، بۇ دۇنيادىن قول ئۈزۈشكە دەۋەت قىلىشتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىگىچە بايقىغان بولغاچقا، ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم مەزمۇنىنى مانا شۇ تەتۈر ئېقىمنى چەكلەشكە قاراتقانىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن بۇغراخانغا زاھىتلىقنىڭ دۆلەتكە ئېلىپ كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتەرلىرىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئەمەلىي چەكلەش ئۈچۈن مۇئەييەن ئىمتىيازغا ئىگە بولدى. زاھىت توغرۇل ئەرۇڭقاشنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىش يۈسۈپنىڭ پىلانىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئەمدى ئۇ ئىشنى قانۇنىي يول بىلەن

چەكلەشنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋاتاتتى. بۇ خەۋپنى ھېس قىلغان سەئىدلەر ئىشنى بۇغراخاننى ئەل قىلىش يولى بىلەن ئورۇنداش ئۈچۈن مۇئاز ئىبنى ئابباس خوجىنى بۇغراخاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرگۈزدى.

— ئالىيلىرى، خوجا مۇئاز ئىبنى ئابباس، ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ ئوردىغا كىرىپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى، قوۋۇقباشى.

ھەسەن بۇغراخان بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئىجازەت بەردى. تونۇردەك سەللە ئورىغان، يۈزى سوزۇنچاق، كۆزلىرى ئورىراق بۇ ئادەم يۇڭدىن ئىشلەنگەن مەللە چاپىنىنى كىيىپ ئىچكىرىگە كىردى ۋە قول باغلاپ بۇغراخانغا سالام بەردى. بۇغراخان ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارە قىلدى.

— ئالىيلىرى، جانابلىرى ئىسلام دۆلىتى قاراخانىيلارنىڭ خاقانى، ئىسلام دىنىنىڭ سادىق مۆمىنى، شۇڭا بىز سەئىد ئەۋلادى ھەزرەتلىرىنى چەكسىز ھۆرمەت قىلىمىز، — دەپ سۆز باشلىدى خوجا مۇئاز ئىبنى ئابباس، — جانابلىرىنىڭ بوۋىلىرى ئابدۇلكەرىمخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قان كېچىپ ئىسلام ئاچقان. شۇنىڭدىن باشلاپ قاراخانىيلارنىڭ بارلىق خاقانلىرى ئىسلام دىنىنى بۇ زېمىندا زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇردى، ھازىر ئالىيلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ يولىنى تۇتۇپ ئادالەت بىلەن ئەل سوراۋاتقانلىقىنىڭ بەرىكاتىدىن ئىسلام دىنى تېخىمۇ گۈللەپ ياشناۋاتىدۇ. ئەپسۇسكى، بەزىلەر دىنىنىڭ ئۇلىنى كولاپ، ئاللانىڭ يولىنى تۇتۇپ، تەقۋادارلىق مەقامىغا كىرگەن زاھىتلارنى



ئاللا بۇيرۇغان خىلۋەتتە خالىي ئىبادەت قىلىش يولىدىن يالتايتىپ، بەندىنىڭ خىزمىتىنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن قايتۇرۇپ كەپتۇ. بۇ تەقۋادار زاھىتلارغا بىر تەھدىت بولدى. ئۇلارنىڭ خىلۋەتتە ئىبادەت قىلىپ ئالىيلىرىغا دۇئا قىلىپ تۇرۇشى ئەلۋەتتە پايدىلىق ئىدى، ئالىيلىرىنىڭ ئۇلارنى قوللاشلىرى چوڭ ساۋاب بولاتتى، ئەگەر ئۇلارغا كۆڭۈل ئازادىلىك بولمىسا ئاللانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويىدىغان ئىش بولىدۇ. . .

— بەس، جانابى خوجا، بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ تولۇق خەۋىرىم بار، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ھەسەن بۇغراخان بىر ئاز تېرىكىپ، — ھەقىقىي دىن يولى تەركىدۇنيالىقمۇ؟ ھەقىقىي ياخشى ئادەم كىم، دىنىنىڭ ئۇلىنى كولىغان ئادەم كىم؟ ئەلنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئادەم ھەقىقىي ياخشى ئادەم. ئەل ئۈچۈن ھېچقانداق مەنپەئىتى بولمىغان ئادەم قانداقمۇ تەقۋادار ئادەم بولسۇن؟! تەڭرىنىڭ تارازىسىدا ئىككىلا ئادەم بار. بىرى، تەڭرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى ئەمەل بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن ئادەم؛ يەنە بىرى، ئەلنىڭ مەنپەئىتىنى ئۇنتۇغان ۋە ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈنلا كەتمەن چاپقان ئادەم. ئالدىنقىسى تەڭرى نەزىرىدىمۇ، ئەلنىڭ نەزىرىدىمۇ رەھمەتكە مۇناسىپ؛ كېيىنكىسى تەڭرىنىڭ ئالدىدىمۇ، ئەلنىڭ ئالدىدىمۇ ئۆلۈك ھېسابلىنىدۇ.

— ئالىيلىرى، بۇ دۇنيا دېگەن بىر كۆلەڭگە، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىق گۈزەللىكىگە جەلپ قىلىپ، ئەبەدىي پالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان مەككاردۇر. بىزمۇ، تەختۇ تاجمۇ ئاللانىڭ ئالدىدا ھېچقانداق قىممەت ۋە مەرتىۋىگە

ئىگە ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر يوقلۇق. يوقلۇققا كۆڭۈل بېرىش ئەخمەقلىقتۇر.

ھەسەن بۇغراخان بۇ خوجىنىڭ بۇ ئەپسانىلىرىدىن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پاراسىتىگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولدى ۋە ئىچىدە «يا رەببىم، بۇلار ھەقىقەتەن تولىمۇ خەتەرلىك كىشىلەر ئىكەن، بۇلارغا مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىش لازىم ئىكەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى - دە، قەتئىيلىك بىلەن گەپنى بۆلدى:

— جانابىي خوجا، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزىگە يارىشا مۇستەھكەم قانۇن - تۈزۈمى بار، ياخشىسى سىلەر دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماڭلار. ئۆزۈڭلارنىڭ ئىبادىتىڭلارنى قىلىپ تۇرۇڭلار. كىشىلەرگە يۇقىرىقىدەك تەركىدۇنيالىق ھەققىدىكى تەرغىباتلارنى قىلىشىڭلارغا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بىز باشقىچە تەدبىر قوللىنىمىز.

بۇغراخاندىن بۇنداق زەربە يېيىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن خوجىنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ، ساقاللىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە «بۇغراخاننىڭ بېشىنى بۇرىغان يۇسۇپ دېگەن مۇرتەت» دەپ ئويلىدى - دە، يۇسۇپنىڭ سەئىدلەرنىڭ قارىخانىيلاردىكى نوپۇزىنى تەۋرىتىپ قويغانلىقىغا قاتتىق ئۆچمەنلىكى كەلدى.



# «قۇتادغۇبىلىك» ئەل ئارىسىدا

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئوردۇكەنتكە كېلىپ دۆلەتتە مۇھىم ئورۇننى تۇتقاندىن كېيىن، ئۇ باش چوكۇرۇپ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت دائىرىسى بويىچە يۇقىرى - تۆۋەن قاتلاملار بىلەن قويۇق ئارىلاشتى. يېزا - قىشلاقلارنى ئارىلاپ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئىگىلىدى؛ سودىگەرلەرنىڭ تىجارەت جەھەتتىكى ئەھۋالىنى، ئۇچراۋاتقان قىيىنچىلىقلىرىنى ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى؛ شەھەر رەستىلەردىكى دۇكانلار، قول - ھۈنەرۋەنلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى، ئۇلارنىڭ ھال ئەھۋالىغا يەتتى. پۇقرالارنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئەمەلدارلارغا بولغان پىكىرلىرىگە قۇلاق سالدى. ئەمىر - پەرمانلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى. ئۇ ئوردىدىكىلەر بىلەنمۇ ناھايىتى سەمىمىي، دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلايتتى. شۇڭا، ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا يۇسۇپنىڭ ئىناۋىتى بارغانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

غايە باشقا، رېئاللىق باشقا، نىيەت باشقا، ئىمكانىيەت باشقا، ئارزۇ باشقا، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرماق يەنە باشقا ئىش دېگەندەك يۇسۇپ ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بار ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلانماقتا ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان تۈرلۈك توساقلار، قارىمۇ

قارشىلىقلار، ئىدىيە جەھەتتىكى توقۇنۇشلار، بىر قىسىم بەگلەرنىڭ ئەمەل - مەنسەپ تەمەسىدە قىلىۋاتقان قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرى ئۇنىڭغا خېلىلا بىسىم بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزى توغرىسىدا ئويلاشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمايتتى. ئۇ قانچە توغرا سۆزلۈك، ئوچۇق - يورۇق، قەتئىي ۋە دۇرۇس نىيەتتە بولغانسېرى بىر قىسىم پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ پىتنە - پاسىتىغا نىشان بولۇپ قالغانىدى. پەرىشتىگىمۇ يامان كۆز بىلەن قارىسا شەيتان بولۇپ كۆرۈنىدۇ، دېگەندەك، يۈسۈپ بەزى تەمەخور، ھەسەتخور، كۆرەلمەس بەگلەرنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالغانىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تېز ئارىدا ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئوردىدىكى داڭدار خەتتاتلار تەرىپىدىن بىرقانچە نۇسخا كۆپەيتىلىپ، بىر نۇسخىسىنى ئوردا كۇتۇپخانىسىغا قويدۇردى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ چوقۇم كۆرۈپ چىقىشىغا تاپشۇرۇلدى. بىر نۇسخىسىنى ئوردا مەدرىسىسىدىكى چوڭ مۇدەررىسكە تاپشۇرۇپ، شاھزادىلەرنى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ روھى بويىچە تەربىيىلەپ، ئوردىنىڭ تەرتىپ - قائىدىلىرى، دۆلەت باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئۆگىتىشكە تاپشۇردى. يەنە بىر نۇسخىسىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئانا مەكتىپى «ساجىيە مەدرىسىسى»گە تەقدىم قىلدى. بۇ نۇسخا چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن ھەر خىل يوللار بىلەن كۆچۈرۈلۈپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چىقىپ شەرق دۇنياسىدىكى خېلى كۆپ دۆلەتلەرنىڭ شاھلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۇلارغا دەستۇر بولدى.



ساجىيە مەدرىسىسىدىكى مۇدەررىسلەر «قۇتادغۇبىلىك»نى ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىلمى سۈپىتىدە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇشقا باشلىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بەزى پرىنسىپال مەسىلىلەردە بەس - مۇنازىرە ئوتتۇرىغا چىقتى. مۇدەررىس ئالىملارنىڭمۇ تونۇشى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئوردا ئىچىدىكى يۇقىرى - تۆۋەن ئەمىرلەر قولىدىن قولغا ئېلىپ ئوقۇپ، بۇ بۈيۈك بىلىم خەزىنىسىدىن ھەيرەتتە قالغان بولسا؛ يەنە بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر، ھەسەتخور ئەمىرلەر ۋە سەئىدلەرنىڭ پىتنە - پاسات تېرىشىغا دەستەكمۇ بولۇپ بەردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردىدا بولۇۋاتقان ماختاش، ئالقىشلاردىنمۇ، قارغاش ۋە تەنىلەردىنمۇ خەۋەردار ئىدى، بىراق بۇ گەپ - چۆچەكلەرگە پىسەنت قىلمىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىر ئوغلى ياقۇپ ساجىيە مەدرىسىدە ئوقۇيتتى. ئۇ بۈگۈن بۈيۈك ئوقۇل ساجىيەدىن شۇنداق خۇشال ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇ قولىدا يىپەك شايىغا ئورالغان بىر نەرسىنى دادىسىغا ئۇزاتتى.

— دادا، ئەسىرىڭىزنىڭ پارسچە نۇسخىسى تارقىتىلىپتۇ، — دېدى ئۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوغلىنىڭ قولىدىن شايى بولاقنى ئېلىپ قارىدى. ئۇ ھەقىقەتەن «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ پارسچە تەرجىمىسى ئىدى. بىراق مۇقاۋىدا «شەھنامەئى تۈرك» دېگەن ماۋزۇ قويۇلغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەمنۇنلۇقىنى ياكى ئەجەبلىنىشىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر خىل ھېسسىيات بىلەن ئوغلىغا قارىدى ۋە:

— ھەر ئەلگە بارسا باشقا - باشقا لەقەب بىلەن ئاتىلىۋاتىدۇ، بىراق يامان ئاتاقتا ئاتالغىنى يوق، — يۇسۇپ خاس ھاجىپ قولىدىكى ئىرانچە تەرجىمىسىدىكى «قۇتادغۇبىلىك»نى بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، — ئەپسۇسكى، كۆچۈرگۈچىلەرمۇ ۋە تەرجىمانلارمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ قويۇۋاتىدۇ، — دەپ قويدى.

ھەقىقەتەن «قۇتادغۇبىلىك» ھەر خىل يوللار بىلەن قايسى پادىشاھلىققا ۋە قايسى ئىقلىمغا يېتىپ بارسا ئەسەرنىڭ غايەت ئۇزلۇقى ۋە پەۋقۇلئاددە كامالىتىدىن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ شاھلىرى ۋە ئالىملىرى ئۇنى قوبۇل قىلىشىپ، ھەربىرى ئۇنىڭغا ئۆز خاھىشى بويىچە تۈرلۈك ئات ۋە لەقەب بەرگەنىدى. شەرقلىقلەر «ئەدەبۇلمۇلۈك» («شاھلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى») دەپ ئاتىغان بولسا، ماچىن مۈلكىنىڭ ھېكىملىرى «ئائىنۇل مەملەكە» («مەملىكەتنىڭ دەستۇرى») دەپ ئاتاشقان. مەشرىقلىقلار «زىننەتۇلئۇمەرا» («ئەمىرلەر زىننىتى») دەپ نام بېرىشكەن. يەنە بەزىلەر «پەندنامەئى مۈلك» («پادىشاھلارغا نەسىھەت») دەپ ئات قويۇشقان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ ئۇچۇرلاردىنمۇ ۋاقىپ بولۇپ تۇرغانىدى.

— دادا، — دېدى ياقۇپ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، — بىز بۈيۈك ئوقۇلدا «قۇتادغۇبىلىك»تىكى خېلى كۆپ مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشتۇق، باش مۇدەررىس بىلەن ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆز قارىشىدىمۇ بەزى زىتلىقلار بار ئىكەن. ئوقۇلداشلارنىڭ چۈشەنچىسىدىمۇ بەزى زىددىيەتلەر



بار.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ قىزىقىپ ئوغلىغا قارىدى ۋە دەۋەرگىن دېگەندەك بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتىپ قويدى.

— دادا، ئوقۇلداشلار ئارىسىدا مۇنۇ بېيىتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا خېلى كۆپ تالاش - تارتىشلار بولدى:

بۇ دۇنيانىڭ پەزلى بىر، قۇسۇرى مىڭدۇر،
قانداق ئۆتكۈزسە كىشى ئۇ شۇنداق بولۇر.

قانداق ياشاش بەندىنىڭ ئىختىيارىدىمۇ ياكى باياتىنىڭ ئىلكىدىمۇ؟ بۇ قاراشنى بەزى ئوقۇلداشلار ئەسلى ياراتمىش ئىرادىگە خىلاپ دەپ قاراشتى.

— بالام، — دېدى يۇسۇپ خاس ھاجىپ، — دۇنيادا يول كۆپ، بىراق ئەڭ توغرا يول پەقەت بىرلا بولىدۇ. ئادەم قانداق ياشىسا ئۇنىڭ نەتىجىسى شۇنداق بولىدۇ. بۇغداي تېرىغان ئادەم بۇغداي ئورىدۇ، تېرىق تېرىغان ئادەم تېرىق ئالىدۇ، تېرىق تېرىپ بۇغداي ئورۇيدىغان ئىش يوق. سەن شۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلىشىڭ كېرەككى، بايات ھەربىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر بۈيۈك ئىقتىدارنى مۇجەسسەم قىلغان. ئۇنى پەقەت زور تىرىشچانلىق ۋە كۆپ مۇشەققەت چېكىش ئارقىلىقلا بايقىغىلى ۋە جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئادەم تىرىشمايدىغان، ئىزدەنمەيدىغان بولسا، تېرىلمىغان ئېتىزدەك ھېچقانداق ھوسۇل بەرمەيدۇ، ئۆزىنىمۇ بايقىيالماي بۇ ئالەمدىن كېتىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ، يۇقىرىقى بېيىتنىڭ مەنىسىنى

ئوغلىغا يۇقىرىقى تەرزدە شەرھلەپ بەرگەندىن كېيىن، سۆزىنى مۇنۇ ھېكمەتلەر بىلەن تۈگەللىدى:

— دۇنيانىڭ ماھىيىتى بىرلا، بالام، چۈشەنچە مىڭ خىل بولىدۇ، ھاياتلىق بىرلا بولىدۇ، لېكىن، ياشاش كۆپ خىل بولىدۇ. كۆرمىدىڭمۇ كىتاب بىر، لېكىن نامى كۆپ خىل بولىۋاتامدۇ، — ياقۇپ بۇ سېلىشتۇرمىدىن كۈلۈپ كەتتى، يۈسۈپمۇ مېھرىبانلىق بىلەن تەبەسسۇم قىلدى ۋە، — بىلىش چوڭقۇرلاشقانسېرى ماھىيەتكە شۇنچىلىك يېقىنلاپ بارىدىغان گەپ بالام.

ياقۇپ گەپنىڭ تېگىنى چۈشەندى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى بېشارەت ئارقىلىق ئوغلىغا ئالەمنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن بىلىشنى چوڭقۇرلىتىشقا ئىشتىراك قىلغانىدى.

* * *

ئوردىنىڭ ئارقا ھويلىسى ھەرەمخانا ھېسابلىناتتى. بۇغراخاننىڭ چوڭ خاتۇن ۋە كىچىك خاتۇنلىرى، شاھزادە ۋە مەلىكىلەر شۇ يەردە تۇراتتى. بۇ ھويلا ناھايىتى ئازادە باغ بىلەن تۇتىشىپ كېتەتتى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا زۇمرەتتەك سۇ بىلەن تولۇشقۇزۇلغان ئىككى تاناب كەلگۈدەك كۆل بار ئىدى. باغدا مېۋىلەرنىڭ نەچچە يۈز خىل تۈرلىرىنى تاپقىلى بولاتتى. باغدىكى چوڭ قېرى ئۆرۈك شاخلىرىغا سەگەنچۈكلەر سېلىنغان بولۇپ، مەلىكە ۋە كېنىزەكلەر چۆرقىرىشىپ ئوينىشاتتى. كۆل بويىدا قەپەسلەرگە سولانغان بۇلبۇل، تۇمۇچۇق، كەكلىك كەبى



نەغمىچى قۇشلار شۇنداق خۇش ناۋا بىلەن سايراشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ پەريادى ئەتراپتىكى يەنە نۇرغۇن ئەركىن قۇشلارنىمۇ ئۆزلىرىگە جور قىلىپ سېھىرلىك بىر نەغمىچىلەر قوشۇنىنى ھاسىل قىلغاندەك تۇرلۇك نەغمىلەرنى ئەۋجىگە چىقىرىپ كىشىنىڭ دىل بەھرىنى ئاچاتتى.

كۆلنىڭ غەرب تەرىپىدە بۇغراخان ئۈچۈن مەخسۇس ھازىرلانغان بىر خان سۇپىسى بولۇپ، ئۇ يەر ناھايىتى ياسىداق تۆشەك قىلىپ راسلانغان، چىمىلداقلار بىلەن تېخىمۇ شاھانە زىننەتلەنگەنىدى. بۇ بۇغراخاننىڭ ياز، تومۇز ئىسسىقلاردىكى ئارامگاھى ئىدى. ئارامگاھنىڭ يېنىدىكى سۇپا ئۈستىگە گىلەم سېلىنغان، گىلەم ئۈستىگە ئىشكەم قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئادەتتىكى چاغلاردا، بۇغراخاننىڭ ئاساسلىق تائاملاردىن باشقا ئىشتەي ئېچىش غىزاسى، مېۋە ـ چېۋە، چاي ۋە شاراب ئىچىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. بۇنداق چاغلاردا بۇغراخان ئادەتتىكى ئازادە كىيىملىرىنى كىيىپ، كۆڭۈل ئازادىلىك بىلەن ئارام ئالاتتى.

بۈگۈن بۇغراخان بىر مۆتىۋەر زات بىلەن بىرگە بۇ يەرنى ئارامگاھ قىلدى. ئۇلار كۈمۈشتىن ياسالغان شاھمات ئۇرۇقلىرىنى تىزىۋېلىپ، شۇنداق ئىشتىياق بىلەن سىرداشماقتا ئىدى. ئوغلان ئۇلارنىڭ ئالدىغا كۈمۈش پەتنۇسلاردا يېڭى پىشقان توغاچ، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەردىن كەلتۈردى.

— ئوغلۇم، بۇ مۆتىۋەر كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى مېۋىلەرنى قويۇپ قايتىپ كەتكەن ئوغلاندىن 50

ياشلاردىكى باغ كۆزەتچىسى.

— بۇ زات خاقانىمىزنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك سىرداشلىرىدىن بولىدۇ، — دېدى ئۇنىڭغا ئاستا چۈشەندۈرۈپ، — ئىسمى يۇسۇپ، ھاجىپلىق مەرتىۋىسى بىلەن ئوردىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالغان. نۇرغۇن ئېسىل ئەسەرلەرنى يازغانىكەن. ئۆزى تولىمۇ كىچىك پېئىل ئادەم.

— ئۆزىمۇ ئەجەبمۇ قاملاشقان، ئوچۇق چىراي ئادەمكىنا، — دەپ زوقلانغانلىقىنى ئىپادىلىدى باغ كۆزەتچىسى.

بۇغراخان بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۈگۈن ئەتىگەنلىك قوبۇلدىن كېيىن، بۇغراخاننىڭ تەكلىپى بىلەن باغقا كىرگەنىدى، چۈشلۈك غىزا ۋاقتىغىچە ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلمەي پاراڭلاشتى.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ، سىز بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئىشلىرىنى ئۈستۈڭىزگە ئېلىپ ئىشلەپ تۇرغايسىز، — دېدى بۇغراخان پاراڭنىڭ تېمىسى دۆلەت ئىشلىرىغا يۆتكەلگەندە، — ئۇلۇغ خاس ھاجىپ ياشتا چوڭىيىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەلمەن بولۇپ قاپتۇ، مەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويدۇم. ئۇمۇ سىزنىڭ بۇ خىزمەتنى قىلىشىڭىزنى خالايدىكەن.

— ئالىيلىرى، بۇ ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، ئوردىدا ياشتا چوڭ، ئوردىدا ئىشلىگەن ۋاقتى ئۇزۇن كىشىلەر خېلى بار. شۇلاردىن ئويلىشىپ باقمىدىلىمۇ، — دېدى يۇسۇپ خاس ھاجىپ سەمىمىيلىك بىلەن، — مەن ئۇچۇن ئورنۇمنىڭ تۆردە بولۇشى ياكى پەگاھدا بولۇشىنىڭ ئانچە



چوڭ پەرقى يوق، مەن ھەرقانداق ئورۇندا بولاي، يەنىلا ئويلايدىغىنىم ئالىيلىرىنىڭ مەنپەئىتى. ئەل ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ بۇرچۇمنى ئادا قىلىش مېنىڭ بىردىنبىر مەقسىتىم.

— بۇنى بىلىمەن، سىز ئوردا ئىچىدىكى بەزىلەرنىڭ ھەسەت قىلىپ پىتنە-پاسات تېرىشىدىن ئېھتىيات قىلىۋاتىسىز، — دېدى بۇغراخان يۇسۇپنىڭ يارلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى پاراسەت بىلەن بايقىۋېلىپ، — ھەقىقەتەن ياش چوڭايغانسېرى باشنىڭ ئاغرىقىمۇ چوڭ بولىدۇ، ئورۇن چوڭايغانسېرى بېسىممۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئاڭلىسام كۈندۈزى ئوردىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولسىڭىز كېچىسى ئىجادىي ئىشلار بىلەن بولۇپ، ناھايىتى ئاز ئارام ئالىدىكەنسىز. سالامەتلىكىمىزنى ئاسرىمىساق بولمايدۇ. ئادەم ساغلام بولغاندىلا ئاندىن ئىشلارنى ئۇتۇقلۇق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۆزۈڭىزنىڭ ئورنىغا ياراملىق بىرەر كىشىنى ئويلىشىپ قويغايسىز. رەسمىي يارلىقنى ئوردا كېڭىشىدىن كېيىن ئاندىن ئۇقتۇرۇشنى ئويلاۋاتىمەن.

— ئالىيلىرى، ئۆمۈر ئادەمگە باقمايدىكەن، — دېدى يۇسۇپ چار ساقىلىنى تۇتاملاپ سىلاپ قويۇپ، — چاچ-ساقالغا چۈشكەن ھەربىر تال ئاق، ئادەمگە بېشارەت بېرىپ «ھەي ئادەم ئۆمرۈڭ ئاز قالدى، كېرەكلىك ئىشلىرىڭنى ئورۇنداشقا تىرىش» دەيدىكەن، — يۇسۇپ خاس ھاجىپ سۆزلەۋېتىپ شاھمات ئۇرۇقلىرىنى ئىشارە قىلدى، — ئالىيلىرى، بىزنىڭ ئورنىمىز يۇقىرىدا بولسۇن، تۆۋەندە بولسۇن، خۇددى شاھمات تاختىسىدىكى پىچكىلاردەك

ئىكەن. ئالىيلىرى قارىسىلا، گەرچە ھەربىر ئۇرۇق كۆمۈشتىن ياسالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ دەرىجىسى، مەرتىۋىسى ئوخشاش ئەمەس. تاختا ئۈستىدە ئىككى شاھ بىردىنلا بىر - بىرىگە دۈشمەن بولۇپ سەپ تۈزۈپ دەھشەت قارشىلاشتى. ھەربىر شاھنىڭ تەقلىتەن ۋەزىرلىرى، ئاتلىرى، لەشكەرلىرى بار. توغرا، ئۇدۇل يۈرگۈزگۈچى ۋەزىرلىرى، ئەگرى يۈرگۈچى پىللىرىمۇ بار. مانا بۇ ئىككى تەرەپ دۈشمەنلىشىپ ئۈستۈنلۈك تالىشىۋاتقان قەلئەگە ئوخشايدۇ. بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى مەغلۇپ قىلىپ غالىبلىق تۇغىنى قاداش ئۈچۈن ھەر خىل ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلىتىشىدۇ. بىر تەرەپ لەشكەرلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن قورغانلارنى بىكىتسە، يەنە بىر تەرەپ بۇ قورغانلارنى بۇزۇش ئۈچۈن تەدبىر ئويلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككى ئوتتۇرىدا ئاجايىپ پاراسەتلەر ئىشقا سېلىنىدۇ، ھەممە تەدبىرلەر ئىشقا سېلىنىپ بىر - بىرىنى يۇتۇۋېلىش قەستىدە بولۇشىدۇ، ھەتتا شاھزادە پۇرسەت يېتىپ پۈتۈن قارشىلىقلارنى بۆسۈپ يول ئېچىپ، بارلىق مۇساپىنى بېسىپ شاھ دادىسىنىڭ ئورنىنى باسماق بولىدۇ تېخى. بۇ سوقۇشتا بەزىدە ئاجىز پىيادە، يالغۇز ئۆزىلا قەھرىمانلىق بىلەن پۈتۈن بىر قوشۇننى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرەلەيدۇ. شاھ بولسا يۇرۇشتە روھچىلىكمۇ، پەرزىنچىلىك ھەتتا بەزىدە پىيادىچىلىكمۇ بولالمايدۇ. شاھ پەقەت ئەتراپىنى مۇستەھكەم مۇداپىئە قىلىۋاتقان كۈچلۈك قوشۇنى ۋە قورال - ياراغلىرى بىلەنلا مەۋجۇتلۇقىنى قوغداپ قالالايدۇ، — يۈسۈپ شاھمات تاختىسىدىكى شاھنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان



يۇقىرى - تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇرۇقلارنى بىر قۇر كۆرسىتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، بۇ تەسۋىرنى ئوخشىتىشلار ھەسەن بۇغراخاننى ھەقىقەتەن بىر جەڭگاھقا باشلاپ كىرىۋاتقاندەك تۇيغۇ بەردى، — بىراق ھەرقانداق ئىشنىڭ ئايىغى بولىدۇ، بىرى غەلىبە قىلسۇن، يەنە بىرى مەغلۇپ بولسۇن، بۇ پەقەت ۋاقىتنىڭ ئالدى - كەينىلىك پەرقىدىنلا ئىبارەت. ئەگەر شاھمات ئوينىغۇچى ئىككى تەرەپ، «بەس ئەمدى ئويۇن مەشەگىچە بولسۇن» دەپ ئويۇننى يىغىشتۇرۇشنى نىيەت قىلغاندا، نە مەغلۇپ بولغىنى بولسۇن، نە غالىبلىرى بولسۇن ئوتتۇرىدىكى پەرق پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ ھەممىسى يوققا چىقىدۇ. ئالدىدىكى خىرىس، دۈشمەنلىك، مەنمەنلىك، تەرتىپ - قائىدە ۋە ھىيلە - مىكىرلەردىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. چۈنكى، بۇنى ئوينىغۇچى ئۈچۈن ئويۇن تۈگىشى بىلەنلا ئۇلار ئارىسىدا ھېچقانداق ئاداۋەتمۇ، ئىززەت - ئېتىبارمۇ قالمايدۇ. شاھمات ئۇرۇقلىرى ساندۇقچىغا تۆكۈلگەندە، ھەتتا «شاھ» تېگىدە قېلىپ «پىيادە» بولسا شاھنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئالىيلىرى، بۇ دۇنيادا قالىدىغىنى شەكىل ئەمەس مەنەدۇر، ئادەمنىڭ قىممىتىمۇ شەكىلدە ئەمەس مەنەدە. نۇرغۇن شاھلار بۇ دۇنياغا كېلىپ سەلتەنەت سۈرۈپتۇ. بەزىلىرى ياخشى نام بىلەن كەتتى، ئۇلارنىڭ نامى ھازىرغىچە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بەزىلەرنىڭ يامان نامى قالدى، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قارغىشقا، لەنەتكە نىشان بولۇپ كېتىشتى. ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك پەزىلەت ۋە ئادالەت بىلەن ئەل سوراپ ئىلىمىزنىڭ شەرقتە قەد كۆتۈرۈشى

ئۇچۇن مۇستەھكەم ئاساس سالدىلا. بۇ شان - شەرەپنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئوردىدىكى يۇقىرى - تۆۋەن ئەمىرلەرنىڭ نىيىتى دۇرۇس بولۇشى، دۈشمەنلىشىش، ھەسەت ئوتلىرىغا تەدبىر سۈيى بىلەن تاقابىل تۇرۇشلىرى كېرەك. خاقانلىقىمىز تارىخىدا يۈز بەرگەن بىرقانچە قېتىملىق پاجىئەلەرنىڭ ساۋىقىنى قوبۇل قىلىپ، ھوشيارلىقلىرىنى ئاشۇرۇشلىرى لازىم. ئوردىدىكىلەرنىڭ نەپسى تەمەسىدە يانغان ھەسەت ئوتلىرى پۈتۈن ئەلنى خاراب قىلىشقا يارايدىكەن ئەمەسمۇ. شۇڭا، بەزىلەرنىڭ ئەمەل مەنسەپ تەمەسى بولسا، مەلۇم جەھەتتە ئۇلارنىڭ تەمەسىنى قاندۇرۇپ، ئەل قىلىش؛ بەزىلەرنىڭ نىيىتى مۇكاپاتلىنىش، ماختىنىشتا بولسا مۇكاپاتلاپ، ماختاپ ئاغزىنى ئېتىش لازىم بولىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئورنىنى تەمە قىلىۋاتقان بىرقانچەيلەن بار. شۇنداق ئەھۋالدا بۇ ئورۇننى مەن ئىگىلىۋالسام، ئوردىدا بەزى دۈشمەنلىك، پىتنە - پاساتنىڭ تېرىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى دانا پىكىرلىرى ھەسەن بۇغراخانغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلدى، ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىدىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە بىر مۆھتەرەم زاتنىڭ پىكرى يادىغا كېلىپ: «ئالىيجاناب ئادەملەرنىڭ ئوي - پىكىرلىرىمۇ ئوخشاش بولىدىكەن» دېگەن بىر پىكىر چاقماقتەك كاللىسىدىن ئۆتتى. ھەسەن بۇغراخان كاللىسىغا كەلگەن ئۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ پىكرىنى چىقارمىدى. بىراق، ئۇ مۇبارەك زاد نەمۇنە سۈپىتىدە



بۇغراخانغا ئەۋەتكەن قامۇس يادىغا كەلدى - دە، ئۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا بېرىشنى ئويلاپ، خاس ئوغلاننى چاقىردى:

— سەن كىرىپ، كۇتۇپخانىدا ھېلىقى ئۈچ جىلدلىق «دىۋانۇ لۇغاتىت - تۈرك» دېگەن كىتابنى ئېلىپ چىققىن، — دەپ بۇيرۇدى بۇغراخان ئوغلانغا.

— ئالىيلىرى، مەھمۇد قەشقەرى بىلەن ئالاقىلەشكەن ئوخشىمامىلا، — دېدى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاياجان بىلەن.

— شۇنداق، ئۆتكەنكى پاجىئەدە، ئۇ شۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن سۈيىقەستتىن ئامان قالغان. شۇ چىقىپ كەتكەنچە مانا ھازىرغا قەدەر ۋەتەنگە قايتىپ كەلمەي يات ئەللەردە كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. مەن بۇلتۇر، ئۇ تاغامنى قايىنىپ كېلىشكە ئۈندەپ خەت يازغانىدىم. چۈنكى، ياشىنىپ قالدى ئەمەسمۇ؟! بىراق، ئۇنىڭ خىيالىدا ئەمەل - مەنسەپ دېگەن نەرسىلەر يوق ئىكەن. ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىمگە ئاتىۋېتىپتۇ. ئۇ جاۋاب ئۈچۈن باغداتقا بارغان ئەلچىلەردىن ئۆزىنىڭ ئۈچ جىلدلىق تەڭداشسىز بىر قامۇسنى بىلەن، بىر پارچە خەت ئەۋەتكەنىكەن. خەتتە يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن قايتىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئالىيلىرى، مانا ئۇ كىتاب، — دېدى ئوغلان ئېلىپ چىققان كىتابنى ئىككى قوللاپ بۇغراخانغا سۇنۇپ.

بۇغراخان قولىغا ئېلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا سۇندى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ خۇددى ئاۋايلىمىسا چېقىلىپ

كېتىدىغان نازۇك گۆھەرگە قول سۇنغاندەك شۇنداق ئېھتىيات بىلەن قولىنى سۇنۇپ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى قولىغا ئالدى.

— مەن بالاغۇندىكى چاغلىرىمدا مەھكىمە ئىشى بىلەن بىر قېتىم ئۇچقا بارغانىدىم، — دېدى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ قولىدىكى كىتابنى بىر قۇر ۋاراقلاپ كۆرگەندىن كېيىن، — شۇ يەردە بىر داڭلىق قوشۇغچىدىن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ شۇ يەردە بىرقانچە كۈن تۇرغانلىقىنى ئۇقتۇم. بىراق، مەن بارغاندا قوچۇ، بەشبالىق، ئىلىغا ئۆتۈپ ئۇ يەردىن قىرغىزلار ئېلىگە بارماقچى بولۇپ يۈرۈپ كەتكەنىكەن.

— ئادەم دېگەنمۇ شۇنچىلىك ئىرادىلىك بولىدىكەن. ئۆمرىنىڭ 20 يىلىنى مانا مۇشۇ كىتاب ئۈچۈن سەرپ قىلىپتۇ. بۇ جەرياندا 15 يىل سەپەر مۇشەققىتىنى چېكىپ، نەچچە مىڭ پەرسەخ يول يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ مەڭگۈلۈك بىر قىممەتلىك خەزىنىنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ. شۇڭا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئارامخۇدا تەتقىقاتىنى قىلسا، مەن بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرەي دېگەن.

بۇ سۆھبەت چۈشكىچە داۋاملاشتى. ئۇنىڭغىچە ئاشباشى كېلىپ چۈشلۈك غىزانىڭ ۋاقتى بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇغراخان يۇسۇپنى بىرگە غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلىپ، خان ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان داستىخانغا باشلاپ ماڭدى.



# ھېكمەت ئۇستازى

بىرقانچە كۈندىن بېرى قاراخانىيلار پۇقرالىرى بۇ يىلقى ئوردا كېڭىشىگە تولىمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراۋاتاتتى. جاكارچىلار شەھەر رەستىلىرىدە جاكار سېلىپ بۇ يىلقى ئوردا كېڭىشىدە ئاۋامنىڭ بۇغراخاننىڭ كۆپ مېھىر - شەپقىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا جار سالدى. ئاۋامدىن چىققان دانىشمەن ئۇستاز جارچى يۇرت ئايلىنىپ ئاتۇشنىڭ مەشھەت بازىرىغا كەلدى. دۈشەنبە بازار ئادەملەر تىقما - تىقما ئىدى. يۇرت - يۇرتلاردىن كەلگەن تاۋاپچىلار، يېتىمچىلەر كۆپ يىغىلىدىغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەقبەرىسى جايلاشقان بۇ جاي جاكارنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ تېز بولىدىغان ئورۇن ئىدى. يەنە بىرى، ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن سودىگەرلەرمۇ، سەيياھلارمۇ بۇ يۇرتقا چۈشمەي ئۆتمەيتتى. شۇڭا، بۇغراخاننىڭ سەلتەنىتىنى نامايان قىلىش كىشىلەرگە ئەدلى ئادالەتنىڭ خاسىيىتىنى ئۇقتۇرۇشتا، شاھنىڭ نام - ئاتىقىنى باشقا ئەللەرگە تارقىتىشتا ياخشى رول ئوينايتتى.

— ئەي ئەھلى جامائەت، ئاڭلىمىدىم، ئىشىتمىدىم دېمەڭلار، بۇ قېتىم ئوردىدا چوڭ كېڭەش بولماقچى، بۇغراخان كېڭەشتە بەزى قانۇنلارغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەكچى، ئادالەتلىك شاھىمىز بودۇننىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئۇنىڭغا باياتىن ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەڭلار.

شاھىمىزنىڭ بېشى ئامان بولسا، ئاۋامدا غەم - قايغۇ بولمايدۇ، — جاكارچى بوينىغا ئېسىۋالغان ناغرىنى توۋۇلدىتىپ چالغىنىچە، بۇ يەردىن يەنە قوزغالدى.

ئۇنىڭغىچە، يەنە بىر ياقتىن ئاۋامدىن چىققان دانىشمەن ئۇستاز ھېكمەتتىن جار سېلىپ بۇ سەيناغا ھازىر بولدى.

— زامان ئۆتەر، كىشى تويماس، ئادەم بالىسى مەڭگۈ قالماس، زورلۇق - زومبۇلۇق ئىشىكتىن كىرسە ئىنساپ ۋە قائىدە - يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقىدۇ. خالايىق، ئىنساپ بىلەن ياشاپ قائىدە - يوسۇنلۇق بولايلى، تويماس نەپسىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلمايلى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، قەيەردە ئىنساپ تۈگىسە، شۇ يەردە زورلۇق - زومبۇلۇق باش كۆتۈرىدۇ. قەيەردە زورلۇق - زومبۇلۇق باش كۆتۈرسە، شۇ يەردە خارلىق بولىدۇ. خالايىق شاھلارغا ئىنساپ تىلەيلى، شاھلاردىن ئادالەت تىلەيلى. ئىككى بۇغرا ئىككىشىسە، ئارىدا كۆكۈيۈن يەنچىلىدۇ.

ئەتراپتىن كىشىلەر يىغىلىشىپ غۇژمەك بىر سورۇن ھازىر بولدى. ئوتتۇرىدا بۇ ئاقساقال پەرىشتىدەك بوۋاي ھېكمەت سۆزلىدى. بۇ ئۇستازنىڭ قولىدا بىر دەستەك بار ئىدى، دەستەككە «ھېكمەت ئۇستازى» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر يېزىلغان، دەستەككە ھەم بۇغراخاننىڭ تامغىسى بېسىلغانىدى.

ئۇيغۇرلاردا زامان - زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئەنئەنە ئاۋامنىڭ ھېكمەت مەكتىپى بولۇپ، ياشاشنى، ھاياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىتىدىغان،



تارىختىكى ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەسلىتىپ ساۋاق بېرىدىغان، ئاۋامنى ئادالەتنى ھىمايە قىلىشقا، قانۇنغا رىئايە قىلىشقا ئۈندەيدىغان، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىقنى تەكىتلەيدىغان، بۆلۈنۈش، پارچىلىنىشنىڭ، زۇلۇم ۋە زالالەتنىڭ مىللەتكە ئېلىپ كېلىدىغان ئاپەتلىرىنى ئاگاھلاندۇرىدىغان، نادانلىقنىڭ زىيانلىرىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ بىلىمنىڭ خاسىيىتىدىن تەربىيەت قىلىدىغان، ئائىلىنىڭ ئىناقلىقى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئەخلاق - پەزىلەت توغرىسىدا نەسىھەتلەر قىلىدىغان ھەقسىز سەييارە مەكتەپ ئىدى. ھەربىر يۇرت ۋە ئايماقلاردا ئوقۇمۇشلۇق ئۇستازلار «ھېكمەت ئۇستازى» لىققا تەكلىپ قىلىناتتى. يەرلىك مەھكىمىلەردىن ئۇلارغا مەلۇم مىقداردا مائاش بېرىلەتتى ۋە بەزى ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولاتتى، ھەتتا ئۇلار شۇ يۇرت ۋە مەھەللىنىڭ ئۆلىماسى ھېسابلانغاچقا ئايرىم ۋاقىتلاردىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر كېلىپ ئۆزى دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەر ھەققىدە سوئال سوراپ مەسلىھەت ئېلىپ كېتەتتى. شۇڭا، كىشىلەر بۇ ھېكمەت ئۇستازلىرىغا شۇنداق ئەقىدە ۋە ھۆرمەت قىلاتتى.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەقبەرىسىنىڭ ئالدى خېلى كەڭرى سەينا ئىدى، جۈمە ۋە دۈشەنبە بازار كۈنلىرى «ھېكمەت ئۇستازى» بۇ يەرگە كېلىپ ھېكمەت سۆزلەيتتى. باشقا چاغلاردا باشقا مەھەللىلەردە پائالىيەت قىلاتتى، گەرچە ئاتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، شۇنداق جۇشقۇن ۋە سۆزمەن ئۇستاز بوگۈنمۇ يەنە بىر قىممەتلىك ھېكمەت كىتابىنى ئاچىدىغاندەك ئىدى، ئۇ

ئۇچىسىدىكى ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن باغلىۋالغان قارا بەلۋېغىغا سول قولىنىڭ باش بارمىقىنى سېلىپ تۇتقان، قولىنى نوتىغا ماسلاشتۇرۇپ ھاۋادا ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان پۇلاڭلىتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى.

— ھەي خالايىق، چىن ۋە توغرا ئەر قانداق بولىدۇ؟ چىن ۋە توغرا ئەر دەپ مۇنداق كىشىلەرنى ئاتىساڭلار بولىدۇ: ئۇنداق ئادەمنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولىدۇ، ئىچى تېشىدەك، تېشى ئىچىدەك بولىدۇ، چىن ۋە توغرا ئەر يۈرىكىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇيالماي يۈرەلەيدىغان ئەردۇر. قېرىنداشلار، ئارىمىزدىكى ئەڭ ئەسكى ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ جاھىل، بەدخۇي ئادەم؛ يالغانچى، تۆھمەتخور ئادەم؛ ھۈنەرسىز، پەزىلەتسىز ئادەم؛ ھاياسىز، بېخىل ئادەم ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسىدۇر. ھەي خالايىق، سىلەرگە خاتىرجەم ۋە بەختلىك ياشاشنىڭ يولىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئاگاھلاندۇرۇشۇم بولسۇنكى، غاپىل ياشىمىغىن، ئۆمۈر بوستانىڭنى مەنىسىز ئىشلار ئۈچۈن خازان قىلما؛ توغرا بول، دۇرۇس يولدىن ھەرگىز قايتما ۋە ئاداشما. توغرا يول مۇراد - مەقسىتىڭگە يەتكۈزىدۇ. ئەلگە مېھرىبان كۆيۈمچان بول، ھەرگىزمۇ ئەلگە ئاسىيلىق قىلمىغايسەن. كۆڭلۈڭ بىلەن تىلىڭنى رۇس تۇتۇپ ئاللاغا تىۋىن، غەمنى ئاز قىلىپ، كۆپرەك ئىبادەت قىلىپ ياخشىلىق تىلە. جېدەللەشكەندىمۇ تەمكىن بول، غەزەپلەنگەندىمۇ مۇلايىم بول، ھەرگىزمۇ ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قالما، ئەسلىڭنى ئۇنتۇپ قالما؛ دۇنيادا ھېرىسلىق قىلىپ ئۆزۈڭنى بۇلغىما، بۇ دۇنيا قالىدۇ، بىراق ھەممىمىز بۇ



دۇنيادىن كېتىمىز. بېشىڭغا ھەر بالا كەلسە ئېغرىماي كۆتۈرگىن، ئاللانىڭ ھۆكمىگە رازى بول. راست سۆزلە، ۋەدەڭ چىن ۋە ئىشەنچلىك بولسۇن، ئۇچۇق چىراي، ئىللىق سۆزلۈك، ئەزگۈ قىلىقلىق بول. شۇندىلا زامان ساڭا كۈلۈپ باقىدۇ، بەخت كېلىپ ئىشىكىڭنى قاقىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچماي يوشۇر، ۋۇجۇدۇڭنى ئەگرى يولدىن توس. ئۆزۈڭنىڭلا پايدىسىنى كۆزلىمە، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلە، چۈنكى سېنىڭ مەنپەئىتىڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئىچىدە بولىدۇ. خەلققە ئېغىرىڭنى كۆتۈرتمە، خەلقنىڭ ئېغىرىنى سەن كۆتۈرگىن. مال - دۇنيايىڭ بولسا ئۆزۈڭنىڭ پايدىسى ئۈچۈن سەدىقە قىلىپ خەلقىڭنى سۆيۈندۈر. ئادەمنىڭ ئەڭ ئېسىلى ئەل ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلىپ، ئۇلۇغ ساۋاب تاپىدۇ — ھېكمەت ئۇستازى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، قارىسا ئۆزىنى چەمبەرسىمان ئورىۋالغان ئادەملەر نەچچە رەت - نەچچە رەت بولۇپ كەتكەنىدى، بەزىلەر كۆرەلمەي ھە دەپ كەينىدىن بوينىنى سوزۇشاتتى — خالايىق، ئالدىراش ئىشىڭلار بارلار كەتسەڭلارمۇ بولىدۇ، ئەگەر ئالدىرىمىساڭلار ئالدىدىكىلەر ئولتۇرۇپ ئاڭلاڭلار، كەينىدىكىلەرگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىڭلار. ھېكمەت ئۇستازىنىڭ بۇ تەكلىپى بىلەن بىر ئىككى قۇر ئادەم ئولتۇرۇشتى. ئۇ ھېكمەت دەرسىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئادىمىيلىك نام ئىككى نەرسىدىن ئىبارەتتۇر. بىرى خەلققە مېھرىبان بولۇش، يەنە بىرى سېخىيلىق بىلەن قولىنى ئۇچۇق قىلىشتۇر. ئەقىللىك بولسا، ئەقلىڭگە كېڭەش قىلىپ باققىن، ئەقلىڭ ساڭا شۇڭا دەۋەت قىلىدۇ،

سېخىي دېيىشىدۇ. ھەقىقىي سېخىي كىم؟ سېخىي دېگەن جېنىنى پىدا قىلىپ ئەرلىك ھەققىنى ئۆتىگەن ئادەمدۇر. كۆمۈش ئۆلەشتۈرگەنىنىلا ھەقىقىي سېخىي دېگىلى بولمايدۇ. ھەقىقىي سېخىي ھاياتىنى ئەل ئۈچۈن تەسەددۇق قىلغۇچىدۇر.

ھېكمەت ئۇستازى بۈگۈن ھەر نۆۋەتتىكىگە قارىغاندا كۆپرەك سۆزلىدى، بىراق سۆزلىگەن ھېكمەتلىرى ھەر قېتىمدىن ئالاھىدە پەرق قىلاتتى. چۈنكى، كۆپ ھاللاردا «ئەدەپ ـ ئەردەمنىڭ بېشى تىل»، «قۇت بەلگىسى بىلىم»، «يىلان ئۆزىنىڭ ئەگرىلىكىنى بىلمەس، تۆگە بوينىنى ئەگرى دەر»، «ماختانچاق ئىشنى بۇلغار»، «تىكمىگۈچە ئۈنمەس، تىلىمىگۈچە تېپىلماس»، «ھەي ئۇيغۇر، ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس» دېگەنگە ئوخشاش قىسقا ـ قىسقا ھېكمەتلەرنى سۆزلەپ چۈشەندۈرەتتى. بەزى ھاللاردا كىشىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن سۆزلەپ بېرەتتى. بەزىدە كىشىلەر ئوردىدىكى ئىشلار، قانۇن ـ تۈزۈم، خاننىڭ خاھىشى توغرىسىدا سوئال سورايدىغانلارمۇ بولاتتى. بۈگۈن ئارىدىن بىرەيلەن قوپۇپ، ئۇستازدىن سورىدى:

— ئۇستاز، بۇ نۆۋەتلىك ئوردا كېڭىشىدە بىز پۇقرالارغا پايدىلىق بىرەر ئۆزگىرىشلەر بولامدۇ؟

— ھەي خالايىق، ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن بىز ئادالەتلىك، پاراسەتلىك خاننىڭ زامانىسىدا ياشاۋاتىمىز، — دېدى جاۋابەن ئۇستاز، — بۇ قېتىمقى ئوردا كېڭىشىدىن ئۈمىدۋار بولساق بولىدۇ. ھازىر خان ئالىيلىرىنىڭ قېشىدا دۆلەت ئۇستازى يۈسۈپ خاس



ھاجىپتەك دانا مەسلىھەتچىلىرى بار. خان ئالىيلىرى بۇ قېتىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنى رەسمىي ئۇلۇغ خاس ھاجىپ قىلىپ تەيىنلەيدىكەن دەپ ئاڭلىدىم. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا قانۇن ـ تۈزۈمگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ئىشلەپ چىقىش ھوقۇقىنى بېرىپتۇ. ئۇ مۆتىۋەر زات شەخسىيەتسىز، پۇقراپەرۋەر، دانا كىشى ئىكەن. مەن بۈگۈن دېگەن ھېكمەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇ ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ بۈيۈك ھېكمەت قامۇسى «قۇتادغۇبى-لىك»تىن ئوقۇۋېلىپ يادىمدا قالغانلىرىدىن بىر تامچە. بىز خان ئالىيلىرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئاللا پاناھىدا ساقلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلايلى، ئامىن!

— ئامىن... — خالايىقنىڭ ھەممىسى قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى.

— ئۇستاز، سىلى دۆلەت ئۇستازى يۈسۈپ خاس ھاجىپنى كۆرسىلە، بىزلەردىن سالام دەپ قويسىلا، رەھمىتىمىزنى يەتكۈزۈپ قويسىلا، — دېدى چۆرىدەپ تۇرغانلار ئارىسىدىن ئېگىز دارازا بىر ئەر كىشى، — ئۇ زات بىز پۇقرالارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئەرز ـ دادلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئادالەت بىلەن ھەل قىلىپ بەردى. ئۇستاز رازىلىق بەردى.

ئۇستازنىڭ نۇتقى تۈگىگەندىن كېيىن ھېلىقى دارازا ئەر ئەتراپىدىكىلەرگە ناھايىتى قىزغىن پاراڭ سېلىپ بەرگىلى تۇردى:

— بۇلتۇر نورۇزدا، بەگنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئوردۇكەنتكە چېلىشىشقا باردىم، دەڭلا، ئەيىۋھەنناس، بۇ يەرگە كېلىپ كەتكەن ئادەم، كۆسەندىن،

ئۇدۇندىن، ئۇچتىن، سەمىزكەنتتىن (سەمەرقەنتتىن) ھەتتا قۇچۇ، بەشبالىقلاردىن كاپىر ئۇيغۇرلارمۇ پالۋانلىرىنى ئەۋەتكەن ئىكەن ئەمەسمۇ؟!

— سىنى شۇ كاپىر ئۇيغۇرلارنىڭ پالۋىنى يەر چىشلىتىپتىكەنغۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلدى بىرەيلەن.

— سەن مىنىڭ ياتقىنىمنى دىمەي، ئاتقىنىمنى دىمەمسەن، — دىدى بەستلىك بۇ ئادەم بىر ئاز تىرىكىپ، — دۇنيادا يىقىلمايدىغان نوچى يوق، ئەمما مەن ئۇنى ئەمەس، مانا شۇ چېلىش سەۋەبلىك ئۇچرىغان كېلىشمەسلىكىمنى دىمەكچىمەن، — ماڭا ئىككىنچى كۈنى نۆۋەت كەلدى. ئارقا - ئارقىدىن بىر ئىككىنى ئاتتىم. ئۈچىنچى قېتىمدا يەنە بىر سەمىز كەنتلىك ئۆزىنى چاغلىماي سەكرەپ چۈشۈپ قالدى. قان قىزىپ تۇرغاندا ئىشى باشقىدە. ئەتراپتا لەك مىڭ، لەك مىڭ ئادەم ھوۋ توۋلاپ تۇرسا، شۇنىڭ بىلەن تەگرى بىر غايىۋانە كۈچ بەردىمۇ ئۇقمايمەن، تۇتقانچە يەرگە قوزۇق قاققاندەك قېقىۋېتىپتىمەن ئەمەسمۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىدىماس ئورنىدىن تۇرالماي ۋايۋايلاپ ياتامدۇ. بىر چاغدا ئۇنى كۆتۈرۈشۈپ سورۇندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بالاغا قالدىم. ئەتىسى مىنى تۇتۇپ ئوردۇكەنتتىكى چوڭ قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئۇ قازى، سەن ھېلىقى سەمىزكەنتلىك ئادەمنىڭ بېلىنى ئۈشتۈۋېتىپسەن، ئۇنى ئەملەش ئۈچۈن كەتكەن چىقىمنى سەن تۆلەيسەن، ئەگەر مېيىپ بولۇپ قالسا، ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، دەپ پىچىپ قويدى. مۇشۇمۇ ئىش بولدىمۇ دەڭلار، ئۇيان با، بۇيان با، يېنىمدا



بار تەڭگىنى بېرىپ ئۆيگە بېرىپ كېلەي دىسەم ئۇنىمايدۇ. ئاخىر بىرەيلەن ماڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئەرز سۇنۇشۇمنى ئېيتتى، تۆت تەڭگە بەرسەم، راسا كېلىشتۈرۈپ ئەرز يېزىپ بەردى. تەلىيىمگە بىر كۈنى ئۇزات بىر دەۋا ئىشى ئۈچۈن مەھكىمىسىگە چىقتى. يېنىدا تۇغ كۆتۈرگەن بىرقانچە ياساۋۇللىرى بار، ھېلىقى ئادەمگە قارىساڭلار ھەم ئەيمىنىسىلەر، ھەم سۆيۈنۈپ كېتىسىلەر. شۇنداق سۈرلۈك، ئەمما شۇنداق قاملاشقان، مەن ئارقىسىدىنلا كىرىپ مەھكىمە ئىچىدىلا ئەرزىمنى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا سۇندۇم. يېنىدىكى مۇلازىمدىن بىرى قولۇمدىكى ئەرزىمنى ئېلىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپقا بەردى. ئۇ ئەرزنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقىپ يېنىمغا كەلدى:

— ئورنۇڭدىن تۇرە، نوچى دىگەن مۇنداق تىزلانمايدۇ، — دىدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ بىزدەك قارا بودۇنلارنىڭ ئالدىدا ئاشۇنداق مېھرىبانلىق بىلەن كۈلگىنىنى كۆرۈپ باققىنىڭلار بارمۇ، — ساڭا ئۇۋال قىپتۇق، بۇ پائالىيەتنى بىز ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىشنى باشقا ئادەمگە يۈكلەپ قويسا، بولمايدۇ، — دىدى. كېيىن قازىغا چېلىشىشتا ھەر خىل ھادىسىلەر بولىدۇ، بۇنداق ئىشلاردا پالۋانلارنى گۇناھقا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭ، كىممۇ چېلىشىشقا جۈرئەت قىلىدۇ، بۇ ئىشنى ئوردا ئۈستىگە ئالىدۇ، — دىدى شۇنىڭ بىلەن قازى ئىلاجسىز مىنىڭ قايتىپ كېتىشىمگە ئىجازەت بەردى.

— ئۇنى دىسەڭلار، ئۆتكەن قېتىم، — دەپ سۆز قىستۇردى يەنە بىرەيلەن، — بۇغراخان بىلەن ئاشۇ زات

ئارتۇشقا چىقىپ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ قايتاشىدا بىرقانچە ئادەم ئەرز سۇنغانىكەن. ھەممىسىنىڭ ئەرزىنى توغرا، ئادىل ھەل قىلىپ بېرىپتۇ. تېخى بىر زالىم پارىخور ئەمەلدارنى جازالاۋېتىپتۇ. ئاشۇ بەگلەرنىمۇ ئالدىدا تىزلاندۇرالايدىغان ھوقۇق بار ئادەملەر ئىكەن - ھە بۇلار.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ دېگەن بۇ ئادەم بەك يامان ئوخشايدۇ، — دېدى يەنە بىر كىشى، — تېخى بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى گۇناھ قىلسىمۇ ئوخشاشلا جازالىنىدۇ، — دەپتىمىش.



# تۆھمەتنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلار

كەچ، كۆز باغلانغان چاغ. بەگتاش ھاجىپنىڭ قوشقاناتلىق دەرۋازىسىنىڭ ھالقىسى شاراقشىپ ئۇرۇلدى. ئۇنىڭ خىزمەتچىسى چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا ئىككى كىشى تۇراتتى، ئۇنىڭ بىرى بېشىغا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا خېلى ئېسىل رەختتىن تون كىيگەن، قولىدا كۇمۇش ساپلىق قامچا تۇتقان ھالدا تۇراتتى. يەنە بىرى، بېشىغا كىر بولۇپ كەتكەن ئاق بۆك، ئۇچىسىغا ماتادىن تىكىلگەن كۆڭلەك ۋە كەڭ پۇشقاقلىق تامبال كىيگەن، پۇتى يالاڭ ئاياغ ئىدى، ئۇ قولىدا بېگىنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقىنىچە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تۇراتتى.

— بەگتاش ھاجىپ جانابلىرى ئۆيدە بارمۇ؟ — سورىدى بەگ سۈپەت كىشى.

— سىلە كىم بولىلا، — دەپ سورىدى ئۆيدىن چىققان مۇلازىم.

— مېنىڭ كىملىكىمنى سورىماي، گېپىمگە جاۋاب بەر، — دېدى ئايۇپ بەگ، شۇ زامان قولىدىكى قامچا بىلەن ھېلىقى مۇلازىمنىڭ يۈز تەرىپىگە تاسىلدىتىپ بىرنى ئۇرۇۋەتتى، — مۇشۇ كەمدە چاكارلارمۇ ھەددىدىن

ئېشىنىۋاتىدۇ، دېسە.

ئايۇپ بەگ ئىجازەتنى كۈتمەيلا ئۇسۇپ ئۆيگە كىردى. پېشايىۋانلىق ياسىداق ھويلىنىڭ سۇپىسىدا بەگتاش ھاجىپ بىلەن سەييىدخان خوجا تونۇردەك سەللىسىنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالغاندەك، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ گۆشۈرلىشىپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئايۇپ بەگ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، سۇپا ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ بولۇپلا كايىپ كەتتى:

— بەگ بەگدەك، چاكار چاكاردەك بولغىنىنى كۆرگەن. مۇشۇ كەمدە چاكارلارمۇ ئادەمگە گۆلىيىدىغان بولۇۋالدى، سىنى كىم بېقىۋاتىدۇ، دەپ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىپ قويۇپ تۇرسا، ئاندىن ھەددىنى بىلەتتى.

— جانابى سەييىد خوجا، بۇ كىشى مېنىڭ قېيىنىنىم بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى بەگتاش ھاجىپ، ئايۇپ بەگنى تونۇشتۇرۇپ.

— بىزگىمۇ ئوردىدا پۇت قويغۇدەك جاي قالمىغىلى تۇردى، — دېدى سەييىد خوجا ھەسرەتلىنىپ، — يۇسۇپنىڭ بىدئەت كىتابى بېشىمىزغا بالا بولغىلى تۇردى، بىز پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىنىمۇ نەسەبىي يات دەپ چەتكە قېقىۋاتىدۇ.

— بۇ قېتىم ئوردا كېڭىشىدە يۇسۇپنى ئۇلۇغ خاس ھاجىپلىق مەرتىۋىسىگە رەسمىي تەيىنلەيدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى بەگتاش ھاجىپ، — مەنمۇ خان جەمەتىدىن تۇرسام، ئوتتۇز يىل ئوردىدا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن تۇرسام، شۇ بىدئەت كىتابى بىلەنلا مېنىڭ ئۈستۈمگە چىقىپ مىنگىلى تۇردى ئۇ.

— جانابلىرى سىلى يۇسۇپتىن ئېتىقادار جەھەتتە ۋە



نەسەب جەھەتتە ھېچقانداق قالغۇچىلىكلىرى يوققۇ، — دەپ سۆز ئارىلىدى ئايۇپ بەگ، — ئۇ يازغان قوشۇغىنى سىلىمۇ يازغانغۇ، خان ئالىيلىرىنى ئۇ قانداق قىلىپ ئىندەككە كەلتۈرۈۋالدىكىنە.

— يالغۇز ئاتىنىڭ چېڭى چىقمايدۇ، ئوردىدىمۇ بىزنىڭ تەرىپىمىزنى ئالىدىغان ئادەملەر خېلى بار. بىز گېپىمىزنى بىر قىلىپ، خان ئالىيلىرىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلايلى، — دېدى بەگتاش ھاجىپ، — ھازىر ئوردىدىمۇ ئەل ئارىسىدىمۇ يۇسۇپنى «دۆلەت ئۇستازى» دېگەن گەپ تارقاپ كېتىپتۇ. بۇ خان ئالىيلىرى ئۈچۈنمۇ بىر ھاقارەت. ئۇ ئۆز ھەددىنى بىلمەي «خان ئۇستازى، دۆلەت ئۇستازى» دېگەن نامنى ئالسا، دۆلەتنى ئاتاققا خان ئالىيلىرى، ئەمەلىيەتتە يۇسۇپ باشقۇرغان بولۇپ قالامدۇ.

— تۆرۈ (قانۇن) ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر، دەپتۇ. خان ئالىيلىرى بىلەن ئاشۇ زەڭگى قۇللارمۇ تەڭ بولۇپ قالامدۇ، بۇ تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقانلىق ـ دە، — دېدى ئايۇپ بەگ ئالقىنىنى گىلەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ.

سەييىد خوجا، گەرچە قاراخانىيلار يۈرگۈزۈۋاتقان قانۇن ئىسلام دىنىنى يادرو قىلغان قانۇن ئىكەنلىكىنى، ئىسلام ئەقىدىسىدە ئاللانىڭ قانۇنى ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلسىمۇ، ئايۇپ بەگنىڭ سۆزىگە باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدى ۋە ئايۇپ بەگنىڭ سۆزلىرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— پەيغەمبىرىمىز، ياخشى چۈش ئاللا تەرىپىدىن بولىدۇ، يامان چۈش شەيتاندىن دېگەن بولسىمۇ، يۇسۇپ

تەپ تارتماي ئادەم ئۆزى قانداق بولسا، چۈش شۇنداق بولىدۇ دەپتۇ.

— بۇ گەپلەر بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، ئازراق تارازىغا توختايدىغانراق بىرەر ئىشنىڭ يولىنى قىلماي، بۇ گەپلەرني كۆتۈرۈپلا خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا كىرگىلى بولمايدۇ. بىز ئىشنى باشقا ياقتىن توغرىلايلى، — دېدى بەگتاش ھاجىپ ئاۋازىنى بىر ئاز پەسەيتىپ، ئالدىغىراق مۆكچەيدى، قالغان ئىككىيلەنمۇ باشلىرىنى يېقىن ئېلىپ كېلىشتى. بىر ھازادىن كېيىن باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— ئۆز كۆزىچە دانا تەدبىر ھېسابلىغان بۇ ئىشنى سۇغا چىلاشتۇرساق، ئوردا ئۈچۈن نەچچە يۈز مىڭ دەرھەم زىيان بولىدۇ، — دەپ پەخىرلىنىپ كەتتى ئايۇپ بەگ.

— ئۇنداق بولسا بۇ ئىشنى ساڭا ئورۇنلاشتۇردۇق، ھەرگىزمۇ چاتاق چىقىپ قالمىسۇن، — دەپ جېكىلىدى بەگتاش ھاجىپ.

ئەتىسى سەھەر بامدات نامىزىدىن بۇرۇن، ئەل تۆمۈر يالۋاچنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بەگتاش ھاجىپنىڭ ئۆي خىزمەتچىسى پەيدا بولۇپ، ئېھتىيات بىلەن ئىشىكنى قاقتى. ئۆي ئىچىدىن بىرەيلەن چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— ئەل تۆمۈر يالۋاچ ئۆيدە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى مۇلازىم.

— بار، ئەمدى تۇرغان تاھارەت ئېلىۋاتىدىغۇ دەيمەن، ئەگەر جىددىي گەپ بولسا ماڭا دېسىلە، مەن دەپ قوياي.



— ئۆزى بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايتتى، خاپا بولماي دەرھال خەۋەر قىلغان بولسىلا، مەن دەرھال قايتمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئۇ كىشى.

ئۆي خىزمەتچىسى كىرىپ كېتىپ، بىر دەمدىلا چىقىپ ئىشىك قاققۇچىنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى ۋە ياندىكى شام يېقىقلىق ئۆيگە باشلىدى. كىرىپ ئولتۇرۇشىغىلا ئەل تۆمۈر ئۆيگە كىردى:

— ھوي، ئاتامكەنسىزغۇ، نېمىش بولدى، سەھەردە كېلىپ قاپسىزغۇ؟ — دېدى ئەل تۆمۈر يالۋاچ.

— ئۇكام، بىر ئىش بار ئىدى، سىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي دەپ خەتەرگە قارىماي كەلدىم، ھېلىقى ئايۇپ بەگ دېگەن زالىم بىلىپ قالسا مېنى — ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دەپ جىددىيلەشكەن ھالدا ئاخشام بەگتاش ھاجىپ بىلەن سەيىد خوجا، ئايۇپ بەگلەرنىڭ قىلىشقان بەزى گەپلىرىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالغانلىرىنى مەلۇم قىلىپ مۇنداق دېدى:

— كېيىن ئۇلار باشلىرىنى بىر يەرگە ئېلىپ كېلىشىپ، نېمىلەردىندۇر گۇڭۇرلاشتى. نېمە پىلان تۈزگەنلىكىنى بىلەلمىدىم، بىر يامان سۇيىقەست پىلانلاۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيدى. ھە دېسە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يامان گېپىنى قىلىشتى، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىمىز دېگەندەك گەپلەر بولۇندى، سىز ئۇ ئادەمنى بىزدەك ئاجىزلارغا باشپاناھ ئادەم دەپ بەرگەنتىڭىز. شۇڭا، نېمىلا بولسۇن، سىزنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قوياي دەپ كەلدىم.

ئەل تۆمۈر يالۋاچ بۇ خەۋەردىن، ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ

يۇسۇپ خاس ھاجىپقا بىرەر سۈيىقەستنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈردى. بىراق، زادى قانداق يول بىلەن رەزىل قولنى سۇندىغانلىقىنى ئۇقمايتتى. بەگتاش ھاجىپ بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئىشنى باشلىغانىدى.

ئەتىگەنلىك قوبۇل ۋاقتىدىن بۇرۇن، بەگتاش ھاجىپ قوۋۇقباشىغا بۇغراخان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپىنى ئېيتتى. قوۋۇقباشى بۇغراخانغا خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، ئىجازەت بىلەن بۇغراخاننىڭ ھوزۇرىغا ئىككى پۈكلىنىپ كىرىپ كەلدى. بۇغراخانمۇ ئۇنى خېلى ئوچۇق - يورۇق قوبۇل قىلدى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئالىيلىرى، نەدىمۇ مەندە خاتىرجەم ئولتۇرغۇدەك ئاراملىق بولسۇن، پۈتۈن خىيالىم ئالىيلىرىنىڭ غېمىدە، — دەپ سۆز باشلىدى بەگتاش ھاجىپ. بۇغراخانمۇ بىر ئاز ھەيرانلىق بىلەن «ھە» دېگەندەك ئولتۇردى، — ئوردىدىكى ۋە ئوردا سىرتىدىكى ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگلەرنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى. ئەلمۇ تەشۋىش ۋە پاراكەندە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەلەمدار، قەلەمدار بەگلەر دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى ئىدى، بىراق ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچراۋاتىدۇ. بەگ بىلەن قۇلنىڭ پەرقى بولمىسا، پۇقرالارنىڭ خورىكى ئۆسۈۋالدى. ئۇلار باج - سېلىق تاپشۇرۇشتىن باش تارتىپ بەگلەر بىلەن قارشىلىشىۋاتىدۇ، ئالىيلىرى.

گەپنىڭ تېگىنى بىر ئاز پەملىگەن بۇغراخان ياندۇرۇپلا سورىدى:

— ھاجىپ، قېنى ئېنىقراق ئېيتسىلا، نېمە گەپ



بۇ؟!

— يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالغان بەزى بەگلەر پۇقرالار بىلەن ئوردىنى دۈشمەنلەشتۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ، ئوردىنى زىيان تارتتۇرۇش ھېسابىغا ئۆزلىرىنى بېيىتىۋاتىدۇ. كۆرۈنۈشتە پۇقرالارغا ياخشىچاق بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئالىيلىرىنى يامان كۆرسىتىۋاتىدۇ، — دېدى بەگتاش.

— بەگلەرنىڭ ۋەزىپىسى پۇقرالارنى ئۆزلىرىگە چوقۇندۇرۇش ئەمەس، بەلكى شۇ پۇقرالارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، شۇ پۇقرالارنىڭ تەرىپىنى ئېلىش، پۇقرالارنىڭ تەرىپىنى ئېلىشنى يامان دېگىلى بولمايدۇ، ھاجىپ. دۆلەتنىڭ ئۇلى پۇقرالار بىلەن پۇختىلىنىدۇ.

— ئالىيلىرى ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، — دېدى سۆزىنى تېخىمۇ پەسەيتىپ، — يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆتكەندە نەچچە ئون سودىگەرگە ئوردىدىن پۇل چىقىرىپ، يۆلەش تەدبىرى ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىمۇ، ئوردىنىمۇ زىيان تارتقۇزۇپ، شۇ ئىش بەدىلىگە ئۆزى نۇرغۇن مەنپەئەت ئالغانىكەن. ھازىر ئۇ سودىگەرلەردىن نەچچىسى، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ، ھەربىر سودىگەرگە ئوردىدىن مەلۇم مىقداردا مەبلەغ چىقارتتۇرۇپ بېرىش بەدىلىگە نەچچە مىڭ دىنار پارا يېگەنلىكى توغرىسىدا گەپ - سۆز بار. ھازىر نۇرغۇن سودىگەرلەر زىيان تارتىپتۇ، ئوردىنىڭ پۇلىنى قايتۇرالىغۇدەك ئەمەس، شۇنداق بولغاندا، بۇ ئىش ئوردىنى نۇرغۇن زىيانغا سۆرەيدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟!

بۇغراخان يۇقىرىقى گەپلەرنىڭ تېگىگە بىر ئاز غەرەز

يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پارىخورلۇق توغرىسىدىكى سۆزلىرى بىرئاز دىققىتىنى تارتىپ قويدى. شۇڭا، بەگتاش ھاجىپنى چىقىپ تۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. بۇ چاغدا قوبۇل ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغانىدى.

قوبۇلدىن كېيىن بۇغراخان يۇسۇپ خاس ھاجىپنى يالغۇز ئېلىپ قېلىپ سۆزلەشتى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ قائىدە بويىچە بۇغراخانغا سالام بېرىپ قولىنى تاشلاپ ئۆرە تۇردى. بۇغراخان بىرئاز تۇرغۇن كۆرۈنەتتى.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ، بەزىلەر مەبلەغ چىقىرىپ سودىگەرلەرنى يۆلەش ئىشى توغرىسىدا بەزى نورمالسىزلىقلارنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ئىنكاس قىلىپ كىرىپتۇ، — دەپ گەپ ئاچتى بۇغراخان، — مەن شۇ ئىشنىڭ راست - يالغانلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈن سىزنى چاقىرتتىم. ئاڭلىسام، سودىگەرلەر زىيان تارتتۇق دەپ ئەسلى دەسمايە پۇلىنىمۇ قايتۇرماپتۇغۇ؟ بۇنى ئوردىدىكىلەرگە قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟!

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىرئاز چۈشەنگەندەك بولدى ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئەھۋالنى چۈشەندۈردى:

— ئالىيلىرى، بۇنىڭدىن خاۋاتىرلەنمىسىلە، مەن ھەرقاچان ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتىمەن، بەزىلەر بەكرەك ئالدىراپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ نەتىجىسىگە ۋاقتى كەلگەندىن كېيىن باھا بېرىش مۇمكىن. ئالىيلىرى بىلىلا، قويغا بىر پارچە ناننى بېرىپلا



قۇيرۇقىنى تۇتۇپ باقسا بولمايدۇ. بىرى، بىز باجنى كەچۈرۈم قىلغان كىشىلەردىن، ئەگەر باج ئالماقچى بولغان بولساقمۇ ئۇلار باج تاپشۇرالمايتتى، ئەگەر مەجبۇرلىساق زۇلۇم قىلىپ قوياتتۇق - دە، ئۇلار پۈتۈنلەي ۋەيران بولاتتى. تاقاقلىق دۇكانلاردىن قانداق قىلىپ باج ئالغىلى بولىدۇ. ھازىر ئۇلار خېلى تىرىلىپ قاپتۇ. كۈزدە ئۇلار تېگىشلىك باجنى تاپشۇرالايدۇ. ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى كەملىكنى كۈزدە تولۇقلاپ كەتكىلى بولىدۇ. سودىگەرلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەل ئارىلاپ تىجارەت قىلىۋاتىدۇ، يىل ئاخىرىدا ئۇلار تاپقان تاپاۋىتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى خەزىنىگە تاپشۇرىدۇ، ئەگەر تاپشۇرمايدىغان بولسا، ئۇلار مەبلەغدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئۆزىنى ئۆزى ۋەيران قىلىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ ئىشتا يەنە بىر نازۇك بىر ئىش توغرىسىدا تۆھمەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. ئەسلىدە بۇ ئىشنىڭ تېگى مۇنداق ئىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ يىل بېشىدا بۇغراخانغا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك تەكلىپ بەرگەنىدى. بىرى، ئوردىدىن چۈشۈرۈلگەن باج - سېلىقنى ھەر تۈتۈن بېشىغا چېچىشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكى، پىلىنىڭ يۈكىنى ئېشەكنىڭ كۆتۈرەلمەيدىغانلىقى، شۇڭا بايلار كۆتۈرىدىغان يۈكنى ئوتتۇراھاللار كۆتۈرەلەيدىغان يۈكنى نامراتلارغا يۈكلەپ قويغاندا ئاخىرقى ھېسابتا ھەر ئىككىسى ۋەيران بولىدۇ، ئاۋام ۋەيران بولسا دۆلەتنىڭمۇ ئۇلى بوشايدۇ، دۆلەتنىڭ بايلىقى ئەمەلىيەتتە ئەلنىڭ بايلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شۇڭا، باج - سېلىقنى قارىغۇيۇق

ئەمەس، بەلكى شۇ كىشىلەرنىڭ كۆتۈرۈش كۈچىگە قاراپ ئېلىنسا، ئۇ چاغدا نامراتلار ئازراق ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشسە ئوتتۇراھاللىقىقا يېتىدۇ، ئوتتۇراھال تۇرمۇشتىكىلەر ئازراق تىنىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشسە ئۇلار بېيىيدۇ، نەتىجىدە ئەل بېيىپ روناق تاپىدۇ، دېگەن مەزمۇندا مەسلىھەت بەرگەنىدى. يەنە بىر تەكلىپى، بىر قىسىم سودىگەرلەرگە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتىنى بېرىش ئۈچۈن مەلۇم شەرت بىلەن ئوردا مەلۇم مىقداردا پۇل ئاجرىتىپ ئۇلارنى يۆلەش، بەزى چوڭراق سودىگەرلەرگە ئوردا مەبلەغ چىقىرىپ تاپاۋىتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئوردىغا تاپشۇرۇش شەرتىنى قويۇش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. بۇغراخان يۇقىرىقى تەكلىپلەرنى ئورۇنلۇق كۆرگەن بىلەن، بەزى ئىشلارنى قانۇنغا كىرگۈزۈپ، ئوردا كېڭىشىدە ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق يۈرگۈزگىلى بولىدىغانلىقى، سودىگەرلەرگە مەبلەغ چىقىرىپ بېرىش ئىشىنى ئويلىنىشقا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە سىناق ئۈچۈن ئوردۇكەنتتىكى بىر قىسىم دۇكانلار، كاسىپلارنىڭ دۇكاننى ئېچىشىغا ياردەم قىلغان، بىرقانچە سودىگەرلەرگە ئوردىدىن مەلۇم مىقداردا مەبلەغ قوشۇپ، ئۇلارنىڭ سودا ئىشلىرىنى كېڭەيتىشكە قولايلىق يارىتىلغانىدى.

بىراق، بىر ياخشى ئىشنىڭ يەنە بىر يامان تەرىپى بار دېگەندەك، بۇ ئىش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بەزى پۇرسەتپەرەس سودىگەرلەر ۋە كاسىپلار ئوردىدىن ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ قەرز پۇل ئاجرىتىپ بېرىش، باجنى كەچۈرۈم قىلىش تەلىپىنى قىلىپ تۇرۇۋالغانىدى.



بۇنداق يولسىز تەلەپ، يوللۇق چۈشەنچە بىلەن قانائەتلەندۈرۈلگەن بىلەن، ئوردىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق خەزىنە ھېسابىدىن خېلىلا پۇل چىقىم قىلىنىپ كەتكەنىدى، مانا بۇ ئىش بەگتاش ھاجىپلارنىڭ يۈسۈپكە تۆھمەت قىلىش ئۈچۈن ئوينايدىغان ئويۇنى ئۈچۈن ئوبدانلا سەۋەب بولۇپ بەرگەنىدى.

بۇغراخان يۈسۈپ خاس ھاجىپنى چاقىرىشتىكى ئەسلى مەقسەتنى ئاشكارىلىدى. ئۇ ئىشنى تېخىمۇ ئەتراپلىق دەلىللەپ بېقىش نىيىتىگە كېلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت بەردى.

شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەل تۆمۈر يالۋاچ ئوردىغا كېلىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن كۆرۈشۈپ بىر ئىشنى مەلۇم قىلدى.

— جانابلىرى، ئوردىدىكى بەزىلەر سىلىگە ئورا كولاش ئۈچۈن بەزى سۇيىقەستلەرنى پىلانلىغانىكەن، بۇ ئىش توغرىسىدا بەگتاش ھاجىپنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتكار بولۇق ئاكام ماڭا بۇ ئىشنى مەلۇم قىلىپ قويغانىدى، — ئەل تۆمۈر يالۋاچ ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ يېنىدا ئېسىقلىق زۇلپىقارنىڭ دەستىسىنى چىڭ تۇتقان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، مەن ئۈچ كۈندىن بېرى، بۇ ئىشنىڭ تەكتىنى بىلىش ئۈچۈن ئەھۋال ئىگىلىدىم، بىراق تېخى تولۇق ئاساسقا ئېرىشەلمىدىم. ئەتىگەن ئولتۇرسام، بولۇق بىر ئوغلى مېنى ئىزدەپ ئۆيۈمگە كېلىپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئايۇپ بەگ بولۇق ئاكامنى ئايغاقچىلىق قىلدىڭ دەپ، ئېسىپ قويۇپ، ئۇرۇپ پۇت - قوللىرىنى چېقىۋېتىپتۇ ۋە ئەرز قىلساڭ تۇخۇمىڭنى - ى

قۇرۇتۇۋېتىمەن، — دەپ تەھدىت ساپتۇ.

— ئۇ ئادەمنىڭ قېشىڭىزغا كەلگەنلىكىنى قانداق بىلىپ قاپتۇ، — دەپ سورىدى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەل تۆمۈر يالۋاچتىن. ئۈچ كۈن بۇرۇن بۇغراخاننىڭ ئۆزىنى چاقىرتىپ ئېيتقان ئىشلار بىلەن بۇ ئىشنىڭ باغلىنىشى بارلىقىنى ھېس قىلىپ.

— مەن، بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن، كۆڭلۈم تۇيغاندەك، ئۆتكەن قېتىم ئوردىدىن پۇل بېرىلگەن بەزى سودىگەرلەرنى ئىزدەپ باردىم. بۇ جەرياندا ئايۇپ بەگنىڭ شۇ يەرلەردە ئوغرى مۈشۈكتەك قاتراپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم، ئۇمۇ مېنىڭ ئۇ سودىگەرلەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمنى كۆرۈپ قېلىپ گۇمان بىلەن بولۇق ئاكىنى شۇنداق قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ.

— بولدى، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتىم، — دېدى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىشەنچلىك ھالدا، — سىز بېرىپ بولۇق ئاكىنىڭ بالىلىرىنى ئەرز قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇڭ. مەن ئاغىچى بەگنى سودىگەرلەرنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ ئەسلىي ئەھۋالنى ئېيتىشقا مەجبۇرلايلى.

ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاغىچى بەگ بۇغراخان ھۇزۇرىغا كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. بۇغراخان ئاغىچى بەگنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئالىيلىرى، بايات تەنلىرىنى ساق، ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، پىتنە - پاساتچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىسۇن، — دەپ ئالاھىدە تەكەللۇپ بىلەن سالام قىلدى.

— ئىجازەت، — دېدى بۇغراخان ئاغىچى بەگنـ



ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ.

— ئالىيلىرى، تۈنۈگۈن، بەگتاش ھاجىپنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتكار بولۇق دېگەن كىشىنىڭ بالىلىرى مەزلۇم مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپتۇ. ئايۇپ بەگ ئۇ كىشىنى ئايغاقچىلىق قىلدىڭ دەپ قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ ئىشنىڭ ئارقىسىدا بەزى ئويۇنلار بار ئىكەن. مەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئوردىدىن مەبلەغ ياردەم بېرىلگەن بىرقانچە سودىگەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئايۇپ بەگنىڭ نېمە ئىش تاپشۇرغانلىقى توغرىسىدا راست گەپ قىلىشىنى، بولمىسا ئوردا مەبلىغىنى قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ قىستىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىكەن، ئايۇپ بەگ بىلەن مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى بىرەيلەن، ئايۇپ بەگنىڭ، ئۇنىڭغا ئوردا مەبلىغىگە قانداق ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدا سۈرۈشتۈرۈپ كېلىپ قالسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا پارە بېرىش ئارقىلىق ھەل قىلدىم، دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشكە كۆندۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا يەنە بىر ھەسسە مەبلەغ كۆپەيتىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپتۇ، بەزىلەرنى ئوردا مەبلىغىنى قايتۇرماي ئارقىغا سۈرۈشكە قۇترىتىپتۇ.

ئاغىچى بەگنىڭ بۇ مەلۇماتىدىن بۇغراخاننىڭ چىرايىدا غەزەپ بۇلۇتلىرى پەيدا بولدى. تېرىكىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— چوقۇم بۇ ئىشنىڭ تېگىنى ئېنىقلاپ چىقىش كېرەك، — دېدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئايۇپ بەگ ۋە بەزى سودىگەرلەر ياساۋۇل مەھكىمىسىگە كەلتۈرۈلۈپ سوراق قىلىندى.

ئايۇپ بەگ بۇ ئىشتا بەگتاش ھاجىپنىڭ قولى بارلىقىنى قەتئىي تەن ئالماي تۇرۇۋالدى. بىراق، بۇغراخان بۇ ئىشنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى رىياسەتچىسى بەگتاش ھاجىپ ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئوردا كېڭىشىدە باشقىچە ھەل قىلىشنى ئويلاپ، بىر ئاز كەڭچىلىك قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئايۇپ بەگ تېگىشلىك جازاغا تارتىلدى، ھەم بولۇق ئاكىغا خېلى زور مىقداردا تۆلەم تۆلەشكە ھۆكۈم چىقىرىلدى.



# ئوردا كېڭىشى

بىر ئايدىن بۇيان قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ئوردىسى بۇ قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوردا كېڭىشىنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ھەرقايسى مەھكىمىلەر ئوردا كېڭىشىگە قويىدىغان تەكلىپ لايىھىسى، كۆرۈلگەن مەسىلىلەر، تەلەپ ۋە ئىلتىماسلىرى توغرىسىدا تەييارلىققا چۈشۈپ كېتىشتى. قاراخانىيلارنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە يېزا - قىشلاقلىرىدا، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا بۇ قېتىمقى كېڭەش توغرىسىدا پاراڭلار بولۇۋاتاتتى.

بۇغراخان يۈسۈپ خاس ھاجىپقا بۇنىڭدىن كېيىنكى دۆلەتنىڭ پىلانى، قۇرۇلۇش پىلانلىرى، قانۇن - تۈزۈم ھەققىدىكى تولۇقلىما پىكىر، دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە ھەرقايسى قاتلاملاردىكى يۇقىرى، تۆۋەن ئەمەلدارلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر، ئىقتىسادىي قۇرۇلما، ئەدەپ - ئەخلاق، مائارىپ، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى توغرىسىدا كونكرېت پىكىر لايىھىسىنى يېزىپ چىقىشنى تاپشۇردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كېچە - كۈندۈز پۈتۈكچى مەھكىمىدىكى بىرقانچە پۈتۈكچىلەرنى ئىشقا سېلىپ كېڭەشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى.

قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئەنئەنىسىدە قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «ئوردا كېڭىشى» تۈزۈمى بار ئىدى. بۇ كېڭەش بەزىدە ئۈچ يىلدا بىر قېتىم،

بەزى جىددىي ئەھۋاللاردا يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ، مۇھىم ھاكىمىيەت ۋە قانۇن - تۈزۈم مەسىلىلىرى كېڭەش قىلىناتتى. ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ قالدۇرۇلىدىغانلىرى قالدۇرۇلۇپ، يېڭىدىن مەرتىۋىگە قويۇلىدىغانلىرى قويۇلاتتى. بۇ قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوردا كېڭىشى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردىغا كەلگەندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق كېڭەش ئىدى. بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى كېڭەشتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوينايدىغان رولى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى.

بۈگۈن ئوردا كېڭىشىنىڭ بىرىنچى كۈنى. قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك تاشقى ئوردىغا جەم بولۇپ، ئوڭ سولدا ئىككى رەتتىن بولۇپ سەپراس تۇرۇشتى. ھەربىر ئەمەلدار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەل تونلىرىنى كىيىشىپ، بۇيرۇق بەگنىڭ ئورۇن مەرتىۋە بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئۆز جايلىرىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

— ئۇلۇغ شاھىمىز ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى ئوردىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى، — دەپ جاكارلىدى جاكارچى.

ئەمەلدارلار دەرھال ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، قول باغلاپ تۇرۇپ بۇغراخانغا ئامانلىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەمىرلىرىم، ئەل يۇرت تىنچ ئامانمۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى پاراۋانمۇ؟

— ئۇلۇغ بايانىنىڭ چەكسىز رەھمىتى، ئالىيلىرىنىڭ ئادالەت بىلەن ئەل سوراۋاتقانلىقلىرىنىڭ خاسىيىتى بىلەن



ئەل - يۇرت تىنچ - ئامان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى پاراۋان خەق ھەر قاچان ئالىيلىرىنىڭ تىنچ - ئامانلىقى، ئۆمۈرلىرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلماقتا.

قائىدە بويىچە ئامانلىق سورۇشۇش تۈگىگەندىن كېيىن بۇغراخان ئەمىرلەرنى ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى. ئۆزى ئۈچ پۇتلۇق شاھ كۇرسىدا ئولتۇردى. بۇ چاغدا ئۇلۇغ خاس ھاجىپ سەپتىن ئالدىغا چىقىپ، قاراخانىيلارنىڭ ئوردا كېڭىشىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە بۇغراخاننىڭ ئەمرىنى كۈتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

بۇغراخان تەختتىن تۇرۇپ قىسقىچە سۆز قىلدى:

— ئەمىرلىرىم، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ۋەسسەللەم «كېڭەش قىلماق ھەرقانداق ئىشنىڭ ئەمى (شىپاسى)» دىگەنىدى. سىلەر مېنىڭ كۆرەر كۆزۈم، ئاڭلايدىغان قۇلىقىم، سۆزلەيدىغان ئاۋازىم، پۇتۇم ھەم قولۇم. بۇ قېتىمقى كېڭەش ھەربىر ئەمىر بەگلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى، ئەلگە بولغان ساداقىتىنى نامايان قىلىدىغان بىر پۇرسەت. دۆلىتىمىزنى قۇدرەت تاپتۇرۇپ، ئەلنى بېيىتىش، ئەلگە خاتىرجەملىك ۋە پاراۋانلىق ئاتا قىلىش ئارقىلىق تەڭرىنىڭ قوللىشىغا، پۇقرالارنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن سىلەردىن دۇرۇس نىيەت بىلەن، ھەرقانداق پىكىر - تەكلىپىڭلارنى، ياخشى مەسلىھەتلىرىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، ئورتاق كېڭىشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ قېتىم كېڭەشتىن بۇرۇن مۇنداق بىر ئىشنى قىلىپ بولۇپ، ئاندىن رەسمي

كېچەشنى باشلايمىز.

— خاقانلىقىمىز ئەزەلدىن خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى تارتۇقلاپ، گۇناھ قىلغانلارنى جازالاپ كەلگەن. ئۇلۇغ خاس ھاجىپ بەگتاش ئوردىدا توپتوغرا 50 يىل خىزمەت قىلدى. بۇ جەرياندا بۇ ئادەم نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمەي، ئەل ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى سەرپ قىلدى. مەن ئۇلۇغ خاس ھاجىپتىن پۈتۈنلەي رازى، ھازىر بۇ ئادەم ياشىنىپ قالدى، تەن سالامەتلىكىمۇ ياخشى ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئۆتۈنۈشىگە ئاساسەن، ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئىشىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇلۇغ خاس ھاجىپ بەگتاش ئۆمۈر بويى يەنىلا ھازىرقى ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ھازىر ئۇلۇغ خاس ھاجىپ ۋەزىپىسىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بەرسۇن.

بۇغراخاننىڭ ئەمرىگە ئاساسەن ئۇلۇغ خاس ھاجىپ مۆھۈرنى ۋە تۇغ ئەلەملىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئىككى قوللاپ ئۆتكۈزۈپ بەردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپقا شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ئۇلۇغ خاس ھاجىپلىق تونى كىيگۈزۈلدى. ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى شاھ ئالىيلىرىنى ۋە يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنى قۇتلۇقلاشتى.

بۇغراخان ۋەزىپە ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى تاماملانغاندىن كېيىن، تەختكە بېرىپ ئولتۇردى ۋە ئالدىدىكى خۇشخۇيلۇقتىن ئەسەرمۇ قالماي، قوشۇملىرى تۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئەمىرلەر بىرئاز ساراسىمىگە چۈشتى. شۇ ئەسنادا بۇغراخان ئەمر قىلدى:

— بەگتاش ھاجىپ ئەمرگە قۇلاق سالسىلا.



بەگتاش ھاجىپ «خوپ ئالىيلىرى» دەپ سالپىيىپ قول باغلاپ تۇردى.

— سىلى ياشتا چوڭىيىپ قالدىلا، شۇنداقتىمۇ شۈكرىنى ئۇنتۇپ پىتنە ـ پاسات تېرىپ نەپسىلىرىگە چوغ تارتتىلا. بەگلەرنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقى ئەلنىڭ بەختى. شەخسىي مۇددىئا ئۈچۈن يامان ئويلاردا ۋە يامان كويلاردا بولسا، ئەلگە زور بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىش بولىدۇ. تارىختا كۆپلىگەن پاجىئەلەر قارشىي ئوردا ئەھلىنىڭ ئۆزئارا قارشىلاشقانلىقىدىن كېلىپ چىققان. بىر نەپسانىيەتچى بەگنىڭ نەپسى خاھىشى پۈتۈن ئەلنى قانغا پاتۇرۇشقا يارىغان. بۇنداق ساۋاقلارنى بارلىق ئەمىرلەر ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

— خان ئالىيلىرىنىڭ دانالىقىغا ئاپىرىن، خان ئالىيلىرىنىڭ سۆزى بەرھەق، — ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك ئاۋاز قوشۇشتى.

— بەگتاش ھاجىپ قۇلاق سالسىلا، يېقىندىن بۇيان بەزى بولمىغۇر ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. مەن سىلىنىڭ ئوردىدا ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىگەنلىكلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدىم. بۈگۈندىن باشلاپ، ئارام ئېلىپ قالسىلا، يەنىلا بەزى نامۇناسىپ ئىشلار سادىر بولۇپ قالسا، مەن ھەرگىز يۈز خاتىرە قىلمايمەن.

— ئالىيلىرىغا رەھمەت، — دېدى بەگتاش ھاجىپ ۋە ئوردىدىن چىقىپ كەتتى.

بۇغراخان يۇقىرىقى تارتۇقلاش بىلەن مۇكاپاتلاشنى مەقسەتلىك ھالدا كېچەش يىغىنىنىڭ ئالدىغا

ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بۇ قېتىمقى كېڭەشنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشى، ئەمىرلەرگە ئىلھام ۋە ساۋاق بولۇشىدا بەلگىلىك رول ئوينايتتى.

ئۈچ كۈنلۈك كېڭەش ئىنتايىن قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتتى. باش ۋەزىر، سۇ باشى، قاپۇغباشى، ئاغىچى، يوغرۇش، يانجۇ، كۆك ئايوق، چاۋلى بەگ، تېگىن بەگ، چاغرى بەگ، ئىنانچ بەگ ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىن كەلگەن بەگلەر ئۆز دائىرىسىدىكى ئىشلاردىن مەلۇمات بېرىشتى.

يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ ئەمىرلەرنىڭ مەلۇماتلىرىدىن بۇ قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان قانۇن - تۈزۈم لايىھىسىگە بەزى مۇھىم مەزمۇنلارنى قوشتى. بۇ لايىھە پۈتكەندىن كېيىن بۇغراخاننىڭ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشىغا تاپشۇردى.

ھەر قېتىمقى كېڭەشتە پەقەتلا بۇغراخانغا بولغان مەدھىيە سۆزلىرى «ئالىيلىرىنىڭ شەپقىتى بىلەن ھەممە ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك، پۇقرالار تىنچ - ئامان، تۇرمۇشلىرى پاراۋان، ھەرقاچان ئالىيلىرىغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ ئۆمۈرلىرىنىڭ ئۇزۇن، سەلتەنەتلىرىنىڭ مەڭگۈ بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشماقتا» دېگەنگە ئوخشاش قېلىپلىشىپ قالغان سۆزلەر بىلەن چەكلىنىدىغان، ياكى بولمىسا ئەھۋال ئېيتىپ قىيىنچىلىقلىرىنى مەلۇم قىلىدىغان ئەمىرلەر، كۆڭلىدىكى پىكىرلىرىنى جۈرئەت بىلەن قويۇشقا مەجبۇر بولدى. بوغرۇش بەگ ئاۋامنىڭ ئەرزۇ ھالىنى، تۆۋەندىكى ھاكىم بەگلەرنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى پاش قىلدى، بۇنىڭدىن كېڭەشكە



قاتناشقان ھاكىم بەگلەرنىڭ كۆڭلىدە جىن بارلىرى بىرئاز تىترىدى. كۆك ئايۇق سۇ قۇرۇلۇشى توغرىسىدا خېلى ئەتراپلىق مەلۇمات ۋە لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سۇ باشى ئەسكىرىي تەمىناتنىڭ كەمچىللىكى توغرىسىدا پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزى ھاجىپلار قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۆزئارا ئالاقىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش، ئۆتەڭلەرنى كېڭەيتىش، يول تاختىلىرىنى يېڭىلاش، يوللاردىكى قاراقچىلارنى تازىلاش ئۈچۈن چېرىكلەرنى كۆپەيتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ھەر «ئىچىققا» مەسئۇل بولغان بەگلەر ئازدۇر - كۆپتۇر پىكىر قىلغاندىن كېيىن، بەزىلەرنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىدە خېلى يېڭىلىقلار ۋە پايدىلىق ئىجادىي پىكىرلەرنىڭ بارلىقى بايقالدى. پۈتۈكچى بۇ پىكىرلەرنى قالدۇرماي پۈتۈپ تۇردى. يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ بەگلەردىن چۈشكەن پىكىرلەرنى ئېلىپ، بەزى لايىھىلەرنى تولۇقلاش ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى.

كېڭەشنىڭ ئىككىنچى كۈنى. يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ، باش ۋەزىر بىلەن كاللىنى بىر يەرگە كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئوردىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ئەمىرلەردىن سۇباشى، كۆك ئايۇق، يوغرۇش قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەر باش قوشۇشۇپ، يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ تۈزۈپ چىققان قانۇن - تۈزۈملەر ھەققىدە بىر يەرگە كېلىشتى. ئاخىرىدا بۇغراخاننىڭ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشى ئۈچۈن تاپشۇردى. چۈنكى، بۇ قانۇن - تۈزۈملەر خان مۆھرىنى باسقاندىن كېيىن خاننىڭ ئەمرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلاتتى. بۇغراخان بۇ

لايىھەنى تولۇق كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، بۇ قانۇن لايىھىسىگە خانلىق مۆھۈرىنى بېسىپ تەستىقلىندى.

كېيىنكىشىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى بۇغراخان رىياسەتچىلىكىدە ئوردا كېڭىشى داۋاملاشتى. يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ بۇغراخان نامىدا ئەمر - پەرمانلارنى ئوقۇپ چىقتى. پەرماننىڭ بېشىدا ئەمرلەر بىلەن پۇقرالارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەر خېلى كەسكىن قويۇلغانىدى.

«قارا بودۇن ئەمىر بەگلەر ئۈچۈن، ئەمىر بەگلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ياشىمايدۇ. بەلكى، بىز ئەمىرلەر قارا بودۇنلار ئۈچۈن ياشايمىز. بەگلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۆزىنىڭ نەپسى ئۈچۈن كەتمەن چېپىش ئەمەس، بەلكى ئالىيلىرىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن قارا بودۇنلارنىڭ مەنپەئىتىنى بىردەك كۆرۈپ ساداقەت كۆرسىتىش. قارا بودۇن مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن بىز مەۋجۇت. . .

بۇ باغلىنىشنىڭ ئاخىرىدا ئەلگە ساداقەتسىزلىك قىلىش ئەمەلىيەتتە خان ئالىيلىرىغا ساداقەتسىزلىك قىلىش بىلەن ئوخشاش، ئەمىر بەگلەرنى بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ، خەلقنى ئالماشتۇرۇپ باشقا خەلققە تېگىشىشكە بولمايدۇ. ھاكىمىيەتنىڭ تۈۋرۈكى ئەمەلىيەتتە ئەمىرلەر ئەمەس، ئاشۇ قارا بودۇنلار. . .»

ھەربىر سۆز، ھەربىر تەلەپ خېلى چىڭ تەلەپپۇز بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتاتتى. ئاخىرىدا كونكرېت قانۇن - تۈزۈم توغرىسىدىكى بۇغراخاننىڭ ئەمرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەرگە قويۇلغان تەلەپتە ئىككى مەسىلە ئالاھىدە تەسىر قىلدى، بىرى، ھاكىمىيەت



ئىشلىرىغا قويۇلىدىغان ئەمىرلەرنىڭ بىرىنچى مۇھىم شەرتى، ئەسلىي نەسلى ئېرىق ۋە ئېسىل بولۇشى كېرەك ئىدى، نەسلى ئېرىقسىز بولسا ئەلگە ۋاپا قىلمايتتى، يەنە بىرى، ئەقىل - پاراسەتتە توشقان، بىلىمدە يېتىلگەن، ئەل سۆيەر بولۇشى تەلەپ قىلىنغانىدى.

بۇ قېتىمقى بەلگىلىمىدە مۇكاپاتلاش، جازالاش ھەققىدىكى قانۇنىي ئۆلچەملەرمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پۇقرالارغا زۇلۇم قىلغان ئەمىرلەرنىڭ قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. بولۇپمۇ پارىخورلۇق قىلمىشلارغا بېرىلىدىغان جازا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، بەزى ئەمىر - بەگلەرنى خېلىلا تەشۋىشكە سالدى.

بۇ قېتىمقى قانۇن لايىھىسىدە بۇرۇنقى تۇتۇن بېشىغا قويۇلىدىغان سېلىقلار، يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەپ پەرقلەندۈرۈپ قويۇشقا ئۆزگەرتىلدى. ھەربىر ئەمىرنىڭ كونكرېت ئىش تەقسىماتى بەلگىلەندى. قايسى ئىچىقتىن مەسىلە كۆرۈنسە شۇ مەسئۇل بولىدىغانلىقى تەلەپ قىلىندى.

بۇ قېتىمقى تۆرۈ بەلگىلىمىسىدە ناھايىتى نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كېڭەش ئەزالىرىنىڭ پىكرىگە سۇنۇلدى.

ھەممە تەلەپلەرگە ئەمىرلەر غىڭ - پىڭ قىلمىغانىدى، پەقەت «قانۇن ئاۋامنىڭ قانۇنى، دۆلەتنى قانۇن - تۈزۈم بىلەن باشقۇرۇش كېرەك، قانۇن - تۈزۈم بۇزۇلسا، دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى يىقىلىدۇ، تۆرۈ (قانۇن) ئالدىدا ھەممە ئادەم خۇددى تاغاقنىڭ چىشىدەك باراۋەر

بولىدۇ، قانۇن ئالدىدا بەگ ۋە قۇل دەپ ئايرىلمايدۇ» دېگەن ئىبارىلەر ئوقۇلغاندا بەزى ئەمىرلەر بىر - بىرلىرىگە قارىشىپ غودۇڭشىپ كەتتى. بۇنى سەگەكلىك بىلەن بايقىغان بۇغراخان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىز تەڭرىنىڭ يولىنى تۇتۇۋاتىمىز، تەڭرىنىڭ ئادىل قانۇنى ئالدىدا ھەرگىزمۇ مەرتىۋە، نەسەب، مىللەت سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، بەلكى ياخشى - يامانلىقلار ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر قانۇن تەڭ - باراۋەر بولمىسا ئۇنى قانۇن دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى.

بۇغراخاننىڭ بۇ قاتتىق تەلەپپۇزى بىلەن قىستۇرغان سۆزى بىلەن ئەمىرلەر «خان ئالىيلىرى ئادىلدۇر» دەپ قۇللۇق بىلدۈرۈشتى.

بۇ قېتىمقى كېڭەش ئۈچ كۈن داۋام قىلىپ ئاخىرلاشتى. ئەمەلىيەتتە بۇ يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدىكى قانۇن - تۈزۈم ھەققىدىكى تەلەپ ۋە تەۋسىيەلىرىنىڭ رەسمىي قانۇن سۈپىتىدە يولغا قويۇلۇشى دەپ قاراشقا بولاتتى.

كېڭەش ئاخىرىدا بەزى ئەمىر بەگلەر سەپلەندى، بەزى ھاكىم بەگلەر ئالماشتۇرۇلدى.

بۇ قېتىمقى قانۇن پەرمانلار جارچىلار ئارقىلىق ئايماق - ئايماقلارغا ئۇقتۇرۇلدى، مۇھىم يول ئېغىزلىرىغا پەرمان سۈپىتىدە چاپلاپ پۈتۈن ئەلنى بۇقېتىمقى كېڭەش يىغىنى توغرىسىدا خەۋەردار قىلدى، خەلق بۇ قېتىمقى كېڭەشتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمر - پەرمانلار، قانۇن - تۈزۈملەردىن ناھايىتى رازى بولۇشتى ۋە قول كۆتۈرۈشۈپ بۇغراخانغا دۇئالار قىلىشتى.



ھايات ئۆزىنىڭ ئىزىغا چۈشكەندەك، خەلق تىنىم تاپماي ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولماقتا ئىدى. ئەلدە زۇلۇم - سىتەملەر خېلى زور دەرىجىدە چەكلەندى، مەخسۇس نازارەتچى بەگلەر تۆۋەنگە چۈشۈپ پۇقرالاردىن ئەھۋال ئىگىلەپ تۇردى. مۇھتەسىپلەرنىڭ رولىمۇ جارى بولۇپ، ھاراق - شاراب ئىچىش، قىمار ئويناشقا ئوخشاش يامان ئىشلارنى ئۈنۈملۈك چەكلىدى.

ئەلدە قانۇن - تۈزۈم تۇراقلاشتى، تىنچلىق خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. بىر - ئىككى يىل ئۆتكەندە خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا خېلى زور ئۆزگىرىش بولدى. ئېشەكلىكلەر ئاتلىق بولدى، بىر - ئىككى تۆگىلىك ھارۋىلار بەش - ئالتە تۆگىلىك ھارۋىلارغا ئايلاندى، بازار رەستىلەرمۇ ئاۋاتلىشىپ خەلقنىڭ يۈزى گۈلدەك ئېچىلدى. چارۋا - ماللار يايلاقلارغا پاتماي قالدى.

يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ بۇنداق زور ئۆزگىرىشتىن ھەممىدىنمۇ بەك بەخت ھوزۇرىغا چۆمگەنىدى، بىراق ئۇنىڭ ئالدىدا تېخى يەنە نۇرغۇن قىيىن ئۆتكەللەر تۇرماقتا ئىدى.

# خاتىمە

ئوردۇكەنتنىڭ ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرى. تومۇزغىلار باھارنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ۋىچىرلاشقا، پاقىلارمۇ قىشلىق ئارامگاھلىرىدىن چىقىشىپ كۇرۇلداشقا باشلىدى؛ قۇرت - قوڭغۇزلارمۇ تىرىلىپ جانلىقلار سېپىگە قوشۇلۇپ لۆمۈلدەپ ئۆمىلەشكە باشلىدى. دەل - دەرەخلەر بىخ چىقىرىپ تەبىئەتكە يېشىل تون كىيدۈرۈش ئۈچۈن تەييارلاندى. ئەۋرەز سۇلىرى ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە سىرغىپ چۈشۈپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشۇش ئۈچۈن ئېقىن سۇلارغا قوشۇلۇپ كانچىلارغا باشلانغىلى تۇردى. چارۋىچىلارنىڭ يېڭى تۆللىرى ئويناقشىپ سەكرىشىپ باھارغا تەنتەنە قىلىشماقتا. قىز - چوكانلار ئەمدى كۆكىرىشكە باشلىغان يېڭى كۆكنى پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن تېرىشىپ ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىگە يېڭىلىق تۇتۇشۇپ، كۆكلەمنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن زىل ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىپ بىدىلىكلەردە كۆك تېرىشمەكتە.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن رىتىمىنى بۇزماي بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. ئىنسانلارمۇ بۇ ھاياتلىق ئۆتكىگە چۈشۈپ بىر چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندەك، ھاياتلىق كارۋىنىنى بۇ دۇنيانىڭ



مەنزىلىدىن ئۇ دۇنيانىڭ سەپىرىگە ئۇزىتىۋەردى. نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆزگەردى. نۇرغۇن نەرسىلەر يېڭىلاندى، پەقەت بىرلا نەرسە - ھاياتلىق كارۋىنىنىڭ ئۆزى تۇيمىغان ھالدا بىر مەنزىلدىن يەنە بىر مەنزىلگە يۈرۈپ تۇرۇشى ئۆزگەرمىدى. ھاياتلىق ئۆتكىگە كەلگەن نۇرغۇن - نۇرغۇن ئادەملەر قەبرىگە كىرىش بىلەن خۇددى بۇ ھاياتلىق ئالىمىگە تۆرۈلۈپ باقمىغاندەك كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلاردىن بۇ دۇنيا ئۆتكىدە چۈشۈپ ئۆتكەنلىكىدىن ھېچقانداق بىر نىشانمۇ قالمىدى. نى - نى ئوردا - قەسىرلەر ۋەيران بولۇپ كەتتى، پەقەت بىرلا نەرسە ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق كارۋىنى بىلەن ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىكەن. يەنى ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئەجىر - مېھنەتتىن تىكلەنگەن مەنىۋى قەسىر مەڭگۈ ئۆرۈلمەيدىكەن ۋە يىقىلمايدىكەن. ئەلنىڭ قەلب سارىيىدا تىكلەنگەن ھۆرمەت مۇنارى قەلبتىن - قەلبكە ئۆتۈپ مەڭگۈ خاتىرىلىنىپ تۇرىدىكەن.

11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوردۇكەنت (قەشقەر) دە تىكلەنگەن ھەيۋەتلىك مەقبەرە، ئەل قەلبىدىكى مانا شۇ خاتىرە مۇنارىنىڭ سىمۋولىدەك تەبىئەتنىڭ بىرقانچە قىش، ياز ۋە ئەتىيازلىرىنى كۈتۈۋالدى. بۇ ھەيۋەتلىك مەقبەرىگە ئىشلەنگەن گۈزەل تەبىئەتتىن ئەنداز ئالغان نەقىشلەر ئەلنىڭ قەلبىدىكى چەكسىز مۇھەببەت رىشتىسىدىن توقۇلغان ھەر تۈرلۈك گۈلدەستىلەردىن پۈتكەندەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. مەقبەرىنىڭ تۆت بۇرجىكىدىن پەلەككە قارىتىپ چىقىرىلغان تۆت چوڭ مۇنار ئەرشكە يول ئېلىشقا ھازىرلانغان گىگانتتەك تەسىرات بېرەتتى.

مەقبەرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىرىلغان يېشىل كاھىشلىق گۈمبەز ئاسمان گۈمبىزىگە تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، ئالىم بىلەن ئالەمنىڭ مۇقەددەس باغلىنىشىنى سىمۋوللۇق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. مەقبەرىنىڭ بىر تەرىپىگە ئەرشى تۈۋرۈكى ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغاندەك ھەيۋەتلىك تۈۋرۈكلەردىن پۈتكەن بىر مەسچىت بىنا قىلىنغان، يەنە بىر تەرىپىگە بىر مەدرىسە سېلىنغانىدى. ئوتتۇرىدىكى سەينادىن شەرق تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا ئىككى قاناتلىق چوڭ دەرۋازا ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ دەل مەقبەرىنىڭ لەھەت ياتقان ئاخىرەتلىك سارىيى ئىدى. دەرۋازىنىڭ پېشايۋىنىغا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقى بىلەن «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپقا ئاللا رەھمەت قىلسۇن» دېگەن خەتلەر ئالتۇن ھەل بىلەن ئويۇلغانىدى. بۇ مەقبەرە بىنا قىلىنغىلى ھەش - پەش دېگۈچە ئون نەچچە يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن قىشمۇ ياز بۇ ئۇلۇغ تەقۋادار زاتنىڭ مەقبەرىسىگە زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۆۋەن قاتلامدىكى تارىنچى (دېھقان)، چارۋىچىلاردىن تارتىپ، كاسىپ، ھۈنەرۋەن ۋە سودىگەرلەرگىچە، يۇقىرى تەبىقىدىن خاندىن تارتىپ، باشقا ئوردا ئەمەلدارلىرىغىچە كېلىپ تىلاۋەت قىلىپ، دۆلەت ئۇستازى، ئەلنىڭ غەمگۈزارى تەقۋادار ئالىم يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپقا بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلىشەتتى، تەگرىدىن ئۇنىڭغا چەكسىز مېھرىبانلىقنى ۋە ئۇلۇغ ئەجىر تۆھپىسىگە يارىشا ئىنئام بېرىشنى تىلەيتتى.



بۈگۈن بۇ مەقبەرە يەنە بىر پەرىشتە سۈپەت ئەزىز مېھماننى كۈتۈۋالدى. چاچ ۋە ساقىلى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن، بىراق خېلىلا تەمبەل تۇرغان، كۆزلىرىدىن تېخى نۇر كەتمىگەن قامەتلىك 85 ياشلاردىكى بۇ مېھمان بېشىغا كەمچەت قامىلىق تۇماق، ئۈچىسىدا كالتە ياقىلىق نەقىشلىق كەمزۇل كىيگەنىدى، پۇتىدا زەرپول دەپ ئاتىلىدىغان تۇركچە ئۆتۈك بار ئىدى. ئۇ كىشى بىر ياش ئوغلاننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغانىدى. ئۇ مەقبەرىگە كىرىپ ئۇدۇل بېرىپ ئىككى قاناتلىق دەرۋازا ئىچىدىكى لەھەت ئۆيىگە كىردى ۋە قەبرىنىڭ شەرق تەرىپىگە سېلىنغان جايناماز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. شۇنداق بىر سۈزۈك، لەبزلىك ۋە جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن خەتمە قۇرئان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ خەتمە قۇرئان ئاۋازى مەدرىسىدىكى تالىپلارغا خۇددى ئەرشتىن چۈشكەن ئاۋازلاردەك سېزىم پەيدا قىلىپ، مەدرىسىدىن چىقىپ لەھەت ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە خەتمە قۇرئاننى ئاڭلاپ تۇرۇشتى. خەتمە قۇرئان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى ۋە خېلى ئۇزۇن دۇئا قىلغاندىن كېيىن ھېلىقى پەرىشتە سۈپەت مېھمان بىلەن ئوغلان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ چىقتى. شۇ ئەسنادا مەقبەرىنىڭ شەيخى پەيدا بولدى. ئۇ 55، 56 ياشلار چامىسىدىكى چارساقال ئادەم ئىدى. ئۇ تاۋاپقا كەلگەن مېھمانلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئۇ، بۇ ئۆلىمانىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، بىراق تالىپلارنىڭ ئولىشىۋالغانلىقى ھەم ئۇ كىشىنىڭ پاكىز چىرايى ۋە ئۇستىۋېشىدىكى كىيىم - كېچەككە قاراپ ھۆرمەتلىك بىر مۆتىۋەر ئىكەنلىكىنى پەملەپ قىزىقسىنىپ

سورىدى:

— قەدەملىرى قۇتلۇق بولسۇن ئەزىز مېھمان، — دېدى شەيخ ھۆرمەت بىلەن ئىككى قولىنى بېرىپ كۆرۈشۈپ، — مەن مۇشۇ مەقبەرىنىڭ شەيخى بولىمەن. جانابلىرىنىڭ ئىسىم - شەرىپلىرى نېمىكىن؟

— مەن ھۈسەيىن ئىبنى مەھمۇت قەشقەرى بولىمەن. يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ بىلەن بىر جەمەت كېلىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ مېھمان.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان شەيخ ۋە ئەتراپتىكى تالىپلار تېخىمۇ يۇقىرى ھۆرمەت ۋە تۆۋەنچىلىك بىلەن قايتىدىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىشتى.

— قۇتلۇق قەدىمىڭىزدىن بىز تولىمۇ سۆيۈندۇق، — دېدى شەيخ قولىنى قويۇپ بەرمەي تۇرۇپ، — جانابىڭىزنىڭ بۇ مۇبارەك قەدىمى ئۇستازىم يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ روھىنى شادلاندۇرغۇسى، بىز جانابىڭىزنىڭ نام - شەرىپىنى خېلىدىن بۇيان ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز، بەختىمىزگە دىدارلىشىش نېسىپ بولۇپتۇ.

شەيخ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۆيىدە بىرەر پىيالە بولسىمۇ چاي ئوتلاپ قايتىشنى ئۆتۈندى. ئۇلارغا ئەگىشىپ، بىرقانچە تالىپلارمۇ شەيخنىڭ ئۆيىگە كىرىشتى.

— جانابلىرىنى باغداتتا دەپ ئاڭلىۋىدۇق، — دېدى شەيخ مەھمۇت قەشقەرىنى بىسات سېلىنغان ئورۇنغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ.

— ۋەتەننىڭ مېھرى - ئىشتىكىمدىن تارتىپ ئانا تۇپراققا ئېلىپ كەلدى، — دېدى مەھمۇد قەشقەرى ئولتۇرۇپ بولۇپ، ئارقىدىن، — سىز قاچاندىن بېرى مەقبەرىگە قاراۋاتىسىز، — دەپ سورىدى.

— مەن يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ قېشىدا توپتوغرا 25 يىل تۇردۇم. ئۇ زات بالاساغۇندىكى چاغدىلا مەن خىزمىتىگە كىرگەن. كېيىن ئوردۇكەنتكە كەلگەندىمۇ مېنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇستازىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئالىيلىرى ئەمىر قىلىپ مېنى مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى.

— ئۇنداقتا سىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئىشلىرىنى تولۇق بىلىدىكەنسىز. شۇ چاغدىكى ئىشلاردىن مېنى ۋاقىپلاندۇرغايسىز.

— ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلىسەم نەچچە كۈندىمۇ تۈگىتىپ بولالمايمەن، — دەپ سۆز باشلىدى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن شەيخ، — ئۇستازىم ماڭا ئۆز بالىسىدەك مۇئامىلە قىلاتتى، مەن بىر يېتىم بالا ئىدىم، ماڭا نىسبەتەن ئۇمۇ مېنىڭ دادامغا ئوخشاش بولۇپ قالغانىدى. ئادەم دېگەن ئىشلىگەنگە، جاپا چەككەنگە ھېچنېمە بولمايدىكەن. ئوردىدا شۇنچە كۆپ ئەمەلدار بولسىمۇ، كۆپىنچىسى ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئوخشايدۇ. بەزىلىرى پۇرسەت بولسىلا ئەلنىڭ ئۈلۈپىنى كولايدىكەن، ئەمەل - مەنسەپ تەمەسىدە ئەلگە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈشتىن ئەيمەنمەيدىكەن. ئەمىر قىلىنغان ئىشلارنىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئادا قىلالمىغان. ئۇستازىم ئەل - يۇرتنىڭ مەنپەئىتى، خان ئالىيلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى دەپ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ كېتەتتى، ھەتتا يېرىم كېچىدىمۇ ھال - ئەھۋال ئېيتىپ

كەلگەنلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنىڭ دەردىگە شىپا بولاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئازراق پۇرسەت بولسىلا ئەسەر يېزىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. شۇنداق ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئەمگەك، تىنىم تاپماي قىلغان ئىجادىي مېھنەت، شۇنىڭغا قارىماي ئوردىدىكى پىتنە ـ پاساتچىلارنىڭ ھارماي قىلغان ھۇجۇملىرىدىن چارچاپ ھالىدىن كېتەتتى، ئادەمنىڭ جېنى تۆمۈر ئەمەستە. شۇنداق قىلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، ـــ مەھمۇد قەشقەرىگە چاي سۇنۇۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى شەيخ، ـــ شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىدە يەنە مۇنداق ئىككى ئىشنى قىلىشقا ئۈلگۈردى. ئۇ بالىلىرىنى ۋە نەۋرىلىرىنى يېنىغا چاقىرتتى، خوتۇنىمۇ بەك ئوڭلۇق ئايال ئىدى. بالىلىرى بىلەن بىرگە شاھزادىلەرمۇ كىرىپ ئۇ زاتنىڭ ئەھۋالىنى سورىشاتتى. ئۇ ئوردا تېۋىپىنىڭ ياردىمىدە تەكيىگە يۆلىنىپ يېرىم ئۆرە ئولتۇرۇپ، بەگزادە، خانزادىلەرگە كۆڭلىدىكى ۋەسىيىتىنى قىلىپ ئۈلگۈردى.

ـــ بالىلىرىم، ـــ دېدى ئۇ قولىنى يوتقان ئىچىدىن سىرتقا چىقىرىپ، ـــ مەن سىلەرگە ھېچقانچە مال ـ دۇنيا قالدۇرمىدىم، ئەلنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، ئۇلارنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەملىكى ئەڭ چوڭ مەئىشەت. بىرقانچە كىتاب يېزىپ ھاياتنىڭ ئىزناسى قىلدىم، ئۇنى ئوقۇپ نەمۇنە قىلالىسىلەر، سىلەرگە بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيالىق ئەسقاتىدۇ. مەن ھاياتىمدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش ئۈچۈن خېلى كۆپ تىرىشچانلىقلارنى قىلدىم. مەن مانا مۇشۇ ھالغا ئاخىرى يۇزلىنىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. بۇ سىلەر ئۈچۈنمۇ ساۋاق بولسۇن، ئادەم بەربىر بىر



قونۇچى، قونۇچىنىڭ بىر يەردە ئۇزۇن تۇرغانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟ دۇنيا مەڭگۇ داۋاملىشىۋېرىدۇ. شۇڭا، ئۆلۈمنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك، ھاياتنىمۇ ئۇمىدسىزلەنمەسلىك لازىم. بۇ دۇنيادا قالىدىغىنى ياخشى نام بىلەن يامان نام. ياخشى نام قالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ غېمىدىن ئەلنىڭ غېمىنى كۆپرەك يەڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ نەپسىڭلار ئۈچۈن ئەلنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىشلار سادىر بولۇپ قالمىسۇن. ھەرگىزمۇ قۇرۇق ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ قۇربانى بولماڭلار. ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن ياشاڭلار، روھىڭلار ھەر قاچان ئويغاق بولسۇن. غەپلەتتە قالساڭلار، روھىڭلار شەيتانغا ئەسىر بولىدۇ. ھاياتىڭلارنى ياخشىلىقنىڭ سەرمايىسى قىلىڭلار. يۈرۈش ـ تۇرۇشتا توغرا بولۇڭلار، دىلىڭلار ۋە تىلىڭلارنى كىچىك تۇتۇڭلار، چوڭ سۆزلىمەڭلار. پۇل ـ مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى ئوتقا ئۇرماڭلار، تەمەخور بولماڭلار. ھۈنەر ـ پەزىلەت بولسا تالىشىپ ئۆگىنىڭلار، ھۈنەرلىك ئادەم بۇ دۇنيادا خار بولمايدۇ. تاجۇ تەختمۇ مەڭگۈلۈك بولمايدۇ، بىراق ھۈنەر ـ پەزىلەت مەڭگۈلۈك بايلىق. كۆڭۈل ـ كۆكسىڭلارنى كەڭ تۇتۇڭلار. غەرەز بىلەن ئۆزئارا قارشىلىشىپ ئەلگە ئاپەت ئېلىپ كەلمەڭلار. ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار كۆيدۈرمەڭلار. ئۇياتسىز، نومۇسسىز، ۋىجدانسىز، ئىمانسىز كىشىلەردىن يىراق تۇرۇڭلار، ھەرقاچان ياخشىلارنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى پىدا قىلىڭلار. بىر ئوڭۇشسىزلىق بىلەنلا ئۆزۈڭلارنى يوقىتىپ قويماڭلار. ئىچىملىك، چېكىملىككە ھەرگىز يېقىن

يولىماڭلار.

يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ شۇنچىلىك قىممەتلىك تەۋسىيەلەرنى قىلدىكى، ئەتراپتىكى ئەمىرلەردىن تارتىپ ھەممىسى ھۆركىرىشىپ يىغلىشىپ كېتىشتى. كېيىن يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ بىر ئاز چارچاپ، ئۇزۇلۇپ قالغاندەك بولدى. ئوتاچىلار (تېۋىپلەر) ئۇنى يېتىۋېلىشقا دەۋەت قىلدى. يوغرۇش توغرۇل بالىلارنى ۋە شاھزادىلەرنى ئۇنىڭ قېشىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى، — دەپ بىر ئاز تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى شەيخ، — ئۇستازىمنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە خان ئالىيلىرى ئەھۋال سوراپ كىردى. ئەھۋالىنىڭ يامان تەرەپكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇستازىم ئېغىر ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ خان ئالىيلىرىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلىپ بېشىنى كۆتۈرمەك بولۇپ تەمشەلگەن بولسىمۇ ئۆزە بولالمىدى، مەن يېقىن كېلىپ يۆلەپ ئۆرە قىلماقچى بولغىنىمدا خان ئالىيلىرى يېقىن كېلىپ «بولدى، بولدى، مەن رازى» دېدى. ئۇستازىم بۇ چاغدا ماڭا تەكىينىڭ ئاستىدىكى نەرسىنى ئېلىشقا ئىشارە قىلدى. مەن دەرھال مەقسىتىنى چۈشىنىپ، تەكىيە ئاستىدىن بىر پارچە كاككۇك ئېغىزى رەڭلىك تاۋارغا ئورالغان بولاقچىنى ئېلىپ ئۇنىڭ قولىغا بەردىم. مەن ئۇنىڭ ئۇستازىمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىسىدا يۈرەك قېنى بىلەن يازغان قىممەتلىك ئەسىرى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ئۇ زات قولۇمدىن بولاقچىنى ئېلىپ ئىككى قولى بىلەن خان ئالىيلىرىغا سۇندى:



— ئالىيلىرى، مەن ئۇزۇن سەپەرگە كەتمەكچى، بۇ مېنىڭ ئالىيلىرىغا ئاتاپ يازغان ئاخىرقى بىر ئەسىرىم ئىدى، تەۋەررۈك قىلغايسىز، — دېدى.

بۇغراخان بولاقنى ئېلىپ ئاچتى، ئۇنىڭدىن «سىياسەتنامە» دېگەن ماۋزۇنى كۆردى ۋە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

يۇقىرىقى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ، ئۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ بىغۇبار، ئۇلۇغ روھى بىردىنلا تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى، خان ئالىيلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا روھى ئەرشكە ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى، پۈتۈن دۇنيا ئۇ ئۇلۇغ روھتىن ئايرىلىپ قۇرۇق قالغاندەك بولدى. شۇ چاغدا ئاسماندا چاقماقلار چېقىلىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ كەتتى، قوڭۇر تۇپراقمۇ تەۋرەپ كەتكەندەك بولدى، بۇلۇتلار توختاۋسىز يامغۇر تۆكتى، پۈتۈن دەل - دەرەخ گۈل - گىياھلارمۇ، كۆز يېشى قىلىۋاتقاندەك ئىدى. پۈتۈن يەر ۋە ئاسمان بۇ زاتقا ماتەم تۇتىۋاتقاندەك ئىدى.

ئەتىسى جۈمە كۈندە ئاجايىپ كاتتا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، بۇغراخان ئالىيلىرىمۇ قارىلىق كىيىملەرنى كىيىپ لەكمىڭ ئەل - جامائەت بىلەن بىرگە نامازغا داخىل بولدى. خان ئالىيلىرى ناماز چۈشۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلارنى ئېقىتىپ ماتەمنامە سۆزلىدى. ئاخىرىدا ئەل - جامائەتكە بۇ ئۇلۇغ زاتقا ئاتاپ كاتتا مەقبەرە سالدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا پۈتۈن ئەل - جامائەت «ئامىن، ئامىن» دەپ بۇغراخانغا تەڭرىدىن رەھمەتلەر تىلەشتى. ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، تۈمەنلىگەن قوللار ئۇ

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

مۇبارەك زاتنىڭ جىنازىسىنى بولسىمۇ بىر تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قول سۇنۇشتى. جىنازا ئاسمان بوشلۇقىدا قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ئادەم دېڭىزى ئۈستىدە خۇددى دېڭىز ئۈستىدىكى قولۋاققا ئوخشاش لەپ ـ لەپ قىلىپ ئۈزەتتى. پۈتۈن ئەل ـ جامائەت بۇ ئۇلۇغ غەمگۇزاردىن ئايرىلغانلىقىغا كۆزلىرىدىن ياش ئەمەس قانلار تۆكۈشتى.

— ياق بالام، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۆلۈم دېمەيمىز، — دېدى مەھمۇد قەشقەرى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — ئادەم جىسمى بىلەن ئادەم ئەمەس، بەلكى روھىي بۈيۈكلۈكلىكى بىلەن ئادەمدۇر. ئۇ، قالدۇرۇپ كەتكەن، ياخشى نامى ۋە روھى بايلىقلىرى بىلەن ئەل ئارىسىدا قىيامەتكىچە ياشايدۇ. ھەقىقىي ھاياتلىق دېگەن مانا مۇشۇ! تەڭرى چەكسىز رەھمىتىدىن بەھرىمەن قىلغان مۆئمىن مانا مۇشۇنداق بەختكە ئېرىشەلەيدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: جەھەرگۈل تۇرسۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

Abdulehil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر ـ 1

(5)

**بەخت ـ سائادەت ئەلچىسى ـــ يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

ئاپتورى: يارمۇھەممەت تاير تۇغلۇق

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى لۈكېيدا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 787×1092مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 7.125
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—5000
ISBN 7—228—08031—0
ئومۇمىي باھاسى (1—5): 30.00 يۈەن
(يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن)